ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر

# شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى

# مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى

شەرقى تۈركىستان ۋەقپى تەتقىقات مەركىزى
تۈركىيە- ئىستانبۇل
1998

# شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى

## 1 - تىركىشىش باسقۇچى ( 1949 - 1960 )

### شەرقى تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ كۈرەشلىرى

شەرقى تۈركىستان خەلقى جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇتىۋەرلىرى، زىيالىلىرى 1930 - يىللاردىلا دۇنيانىڭ ۋە خىتاينىڭ سىياسى ۋەزىيىتىنى توغرا تەھلىل قىلىپ ، خەلقارادىكى مىللى ئازاتلىق كۈرەشلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللى تەشكىلاتلىرىنى ۋە سىياسى پارتىيىلىرىنى قۇرۇشقا باشلىغان ئىدى. 1945 - يىلى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى غۇلجا شەھىرىدە شەرقى تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ شۆبىسى رەسمى ۋە مەخپى قۇرۇلدى. شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت رەھبەرلىرى، ھەربى قوماندانلار، زىيالىلار، جەڭچى - ئوفىتسىرلەر، كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ، شەھەر ئاھالىلىرى، دېھقان - چارۋىچىلاردىن تەركىپ تاپقان پارتىيە قوشۇنى تىزلىكتە كېڭىيىپ، ھاكىمىيەتنىڭ سىياسەت بەلگىلەش ۋە ستراتىگىيىلىك پىلان تۈزۈش ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسەتكىدەك يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە بولدى.

خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ ئالدىدا، ستراتىگىيە جەھەتتە روس ۋە خىتاي

كوممۇنىستلىرىنىڭ ئامبۇردەك قورشاۋىدا قالغان شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەقىقى مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ توغرا سىياسى پىروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىشتەك نازۇك ۋە مۇرەككەپ ۋەزىپە تۇراتتى . تاكتىكا جەھەتتە ئۇزاق مۇددەتلىك ياكى ھەل قىلغۇچ قۇراللىق ئۇرۇشنىڭ تەشكىلى ، ماددى ۋە مەنىۋى ھازىرلىقىنى قىلىشتەك شەرەپلىك ۋە ئۈزۈل ـ كېسىل ئازاتلىق نىشانى تۇراتتى. يەنە كېلىپ ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت ھوقوقى ۋە ھەربى قوماندانلىق ھوقوقى ھەر زامان روس ۋە خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ كونترول تەھدىدى ئاستىدا تۇراتتى. بولۇپمۇ خىتاي گومىنداڭى بىلەن ئاشكارا شەرتنامە تۈزۈپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنى يوشۇرۇن قوللاۋاتقان ستالىن - روس كوممۇنىستلىرىنىڭ « يالتا شەرتنامىسى » داۋامىدا شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىنى ئاشكارا سېتىۋەتكەنلىكىدەك ھەقىقەت ئالدىدا ، قىل ئۇستىدە تۇرغان خەلق ، مىللەت ، ۋەتەن تەقدىرىنى قانداق قىلىپ خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قىلىشتەك باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت شەرقى تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئىدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى ـ « يالتا شەرتنامىسى » شەرقى تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ پائالىيىتىنى تېخىمۇ قىيىن ھالغا قىستاپ قويدى. ئىككى يىلدىن كېيىن 1946 ـ يىلى 1ـ ئايدا موسكۋادا ستالىن، 11 ـ ئايدا يەنئەندە ماۋزېدۇڭ، دۆڭ بىۋۇلار شەرقى تۈركىستاندىكى ھاكىمىيەت ۋە ھەربى قاتلامنىڭ ئىچىدە ئورۇن ئالغان بۇ يوشۇرۇن پارتىيەدىن خەۋەردار قىلىندى. بۇ چاغدا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى 4 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىچىدە ئاشكارا پائالىيەت قىلىۋاتقان شەرقى تۈركىستان ياشلار تەشكىلاتى ئۇنىڭ ئاساسى قوشۇنى ئىدى. پارتىيەنىڭ تەشكىلى ئىنتىزامى ناھايىتى چىڭ بولۇپ، روسپەرەست ياكى خىتايپەرەست دەپ تونۇلغانلارغا قارىتا قەتئى مەخپىيەتلىك ساقلانغان ئىدى.

11 بىتىمدىن كېيىن، بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىۋىدە ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەن پارتىيە يېتەكچىلىرى ۋە ئەزالىرى پۈتۈن شەرقى تۈركىستان زېمىنلىرىدا

پارتىيە تەشكىلى خىزمىتىنى قاناتلاندۇردى. بۇ دەۋردە پارتىيە مەركىزى كومىتېتى سولغا مايىل بولغان ، كوممۇنىستىك پىكىرلەر ئارىلاشقان خاتا يۇلۇنۇش بەلگىلىگەن بولسىمۇ ( تاكتىكا بولىشىمۇ مۇمكىن ) ، ئەمما شەرقى تۈركىستان خەلقىنى مۇستەقىل قىلىش نىشانى ئېنىق بەلگىلەنگەن ئىدى. ئەينى چاغدا ، شەرقى تۈركىستان زېمىنىنى مۇستەملىكە قىلىپ تۇرغان ۋە شەرقى تۈركىستاندا نەچچە يۈز مىڭ زامانىۋى ئامېرىكا ئۈچاق ۋە قۇراللى بىلەن قۇراللانغان ئەسكىرى بولغان گومىنداڭ تاجاۋۇزچىلىرىنى يوقۇتۇش ھەمدە روس كوممۇنىستلىرىنىڭ كونتىروللىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىدىن ئاجىز بولغان خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ئەڭ مۇۋاپىق يول دەپ تاللانغان بولىشى ئېھتىمالغا يېقىن.

ئەپسۇسكى ، خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان روس كوممۇنىستلىرى شەرقى تۈركىستان مىللى ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنى تارتۇۋالدى ۋە شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرىنى، خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈپ، شەرقى تۈركىستاننى « يالتا شەرتنامىسى » دىكى ۋەدىسىگە بىنائەن خىتاي گومىنداڭىغا ئەمەس، ھاكىمىيەتنى ئېلىۋالغان كوممۇنىستلارنىڭ ئاسارىتىگە تۇتۇپ بەردى. مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتىمىز يوق قىلىنغان بولسىمۇ ، خىتاي كوممۇنىست قوشۇنلىرى بېسىپ كىرگەندىن كېيىن ، مىللى ئارمىيىمىزنىڭ ھەيۋىسى، خەلقىمىزنىڭ بېسىمى ئارقىسىدا شەرقى تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى بىلەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشتى. ستالىن بولسا ئالدىبۇرۇنلا شەرقى تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ 132 نەپەر رەھبىرىنىڭ ئىسمىلىكىنى ماۋزېدۇڭغا يوللىغان ئىدى.

شەرقى تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى ئەسلىدىكى زور ۋە كونا ئىككى دۈشمەندىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، قىلچە ئىككىلەنمەي، يېڭى دۈشمىنى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بويۇنتورۇقىدىن قۇتۇلۇش، مىللى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئالدىنقىلىرىنىڭ يولىنى كېيىنكىلىرى بېسىپ، 40 نەچچە يىلدىن

بېرى 200 قېتىمدىن ئارتۇق قۇراللىق، قۇرالسىز كۆرەش قىلىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ بۈگۈنكى كۈندە ، خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى پىروگراممىسى ئەڭ ئېنىق بولغان، تەشكىللىك، ئىنتىزامچان ۋە سىپتىمىلىق كۆرەش ئېلىپ بارالايدىغان، ستىراتېگىيىلىك پىلانلىرى مۇكەممەل بولغان ، ئەزالىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەممە جايلىرىغىچە تەكشى تارقالغان، مەخپىيەتلىك پىرىنسىپى تېخىمۇ چىڭ بولغان، ئىككى مىليونغا يېقىن خەلقنى تەشكىللەپ ، 78 ئاساسى قاتلام تەشكىلاتىدا ئاتمىش مىڭدىن ئارتۇق پىشقەدەم ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە ئېغىر سىناقلاردىن ئۆتكەن ئەزاسى بولغان ، ئاممىۋى ئاساسى كۈچلۈك، يېتەكچىلىك رولى چوڭ، جەڭگىۋار سىياسى ۋە تارىخى پارتىيىگە ئايلاندى. بىر قاتار قۇراللىق ئۇرۇشلار، سىياسى كۆرەشلەر ۋە مەدەنىيەت تالاشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى شەرقى تۈركىستاننىڭ ئۆززۈل - كىسىل ئازاتلىقىنى نىشان قىلىپ ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرۈپ شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۈمىت مەشئىلىگە ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ كۆزىگە قادالغان خەنجەرگە ئايلاندى.

( مەخپىيەتلىك نۇقتىسىدىن پەقەت خىتاي ئەدلىيە تارماقلىرىغا مەلۇم بولغان دائىرە ئىچىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن چەكلەندۇق )

## قومۇل قۇراللىق ئەتىرىدىنىڭ ئۇرۇشلىرى

1949 - يىلى 10 - ئايلاردىن باشلاپ خىتاي كوممۇنىست ئارمىيىسى شەرقى تۈركىستانغا تۈركۈم - تۈركۈملەپ بېسىپ كىرىشكە باشلىدى. 1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ستىراتېگىيىلىك جايى ئاراتۈرك ناھىيىسىنىڭ بۇلاق بېشى مەھەللىسىدە ناسىر ۋە ئابدۇللا باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قۇراللىق پارتىزانلىرىدىن 500 دەك پالۋان بىرلىكسەپ قۇرۇپ، خىتاي كوممۇنىست

ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بەردى. 4 - ئايدا ئالتايدىكى ئوسمان باتۇر قىسىملىرى كىلىپ قوشۇلدى. ھەرقايسى جايلاردىن كىلىپ قوشۇلۇپ، 20 مىڭغا يەتكەن پارتىزانلار تاغلىق رايوندىكى قولاي شارائىتتىن پايدىلىنىپ، خىتاي ئارمىيىسىنىڭ كۆپ قېتىملىق قورشاپ يوقۇتۇش ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشلىرىنى چىكىندۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ھىساپسىز ئەسكەرلىرىنى يوقاتتى. ئىككى يىل ئىچىدە 150 قېتىمدىن ئارتۇق غەلىبىلىك ئۇرۇش ئىلىپ باردى. ئوق - قۇرال يىتىشمىگەنلىكتىن مەغلۇپ بولغان بۇ ئازاتلىق ئۇرۇشىدا نۇرغۇن پىدائىلىرىمىز شېھىت بولدى. قەھرىمان ئوسمان باتۇر 1951 - يىلى 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈرۈمچىدە خىتاي ئارمىيىسى تەرىپىدىن شېھىت قىلىندى. بىرقىسىم پىدائىلار چەتئەللەرگە چىكىنىپ چىقىپ كەتتى.

## ئۈرۈمچى ئاتلىق پارتىزانلارنىڭ ئۇرۇشلىرى

1950 - يىلى 1 - ئايدا ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبى تېغىدا توپلانغان 2 مىڭدەك ئاتلىق قۇراللىق پارتىزانلار قالبېك يىتەكچىلىكىدە قومۇلدىكى جەڭگە ماسلىشىپ خىتاي ئەسكەرلىرىگە توسۇپ زەربە بېرىپ ئوت ئاچتى. ئۇلار شەرقى تۈركىستاندا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش پىروگراممىسىنى ئېلان قىلىپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ھىلە - نەيرەڭلىرىگە ئالدانماي، دۈشمەننىڭ ھۇجۇملىرىنى چىكىندۇرۇپ تۇردى. ئۈرۈمچىگە قاتتىق تەھدىت سىلىپ يىل ئاخىرىغا قەدەر ئۇرۇشقان مۇجاھىتلار كۆپ قۇربان بېرىپ ، مۇھاسىرىنى يېرىپ چىكىنىپ چەتئەللەرگە چىقىپ كەتتى.

## 51 چىلەرنىڭ سىياسى قارشىلىق ھەرىكىتى

1951 - يىلى شەرقى تۈركىستاننىڭ ئاخىرقى جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى غۇلجا شەھىرىگە توپلانغان 51 نەپەر ئالى مەلۇماتلىق زىيالىلار، يازغۇچىلار خەلق

ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، جىددى قۇرۇلتاي چاقىرىپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىدىن دىموگراتىك ئۇسۇلدا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلدى. خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىگە ئىمزالىق بايانات تاپشۇرۇپ ، شەرقى تۈركىستانىنىڭ تەقدىرىنى شەرقى تۈركىستان خەلقى ھەل قىلىشى لازىملىقىنى ئەسكەرتتى. شۇنىڭدەك خىتاي ئارمىيىسىگە قوشۇۋېتىلگەن مىللى ئارمىيە ئوفىتسىر ـ جەڭچىلىرىنى قۇراللىق كۆرەشكە ھازىرلىنىشقا چاقىردى. مەككار خىتايلار يالغان نىقاپ بىلەن ھىلە ئىشلىتىپ ، « مەركەزنىڭ جاۋابىنى كۈتۈش » تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ۋاقىتنى سوزۇپ زىيالىلارنىڭ « مەنسۇپنى ئۈستۈرۈپ»

خىزمىتىنى يۆتكەپ ، بىرمۇنچىسىنى تۇتقۇن قىلىپ يوق قىلدى.

خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى كۆرەشنىڭ يېڭى سىياسى ـ نەزىرىيىۋى چاقىرىغىنى ئوتتۇرىغا قويغان 51 نەپەر زىيالىدىن خىتايلار ئەڭ ئاز بولغاندا 51 قېتىم سىياسى ۋە مەنىۋى ئۆچىنى ئالدى.

## باجغا قارشى دېھقانلار قوزغۇلىڭى

1952 ـ يىلىدىن باشلاپ خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقى تۈركىستاندا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ يېرىنى تارتىۋالدى ۋە ئېغىر باج ـ ياساقلارنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى ئامېرىكا ـ كورىيە ئۇرۇشى بولۇپ، خىتايلارنىڭ ئەسكىرى دىققىتى كورىيەگە يۆتكەلدى. ۋەزىيەتنى ئوبۇشلۇق مۆلچەرلىگەن خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى قارار بىلەن پۈتۈن شەرقى تۈركىستان يېزىلىرىدا دېھقانلار قوزغۇلىڭى باشلىدى. خىتاي ئارمىيىسىدىن ئايرىم ئەمما بىر قوماندانلىققا بويسۇنىۋاتقان مىللى ئارمىيە قىسىملىرى جىددى تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇپ مەخپى بۇيرۇق كۈتتى. دېھقانلار دەسلەپ باج ـ سېلىق يىغىش كادىرلىرىنى قوغلىۋەتتى. ئاشلىق ـ پاختا توشۇشقا كەلگەن ماشىنىلارنى كۆيدۈرىۋەتتى. قارشىلىق قىلغان خىتاي مەمۇرلىرىنى ئۇردى، ئۆلتۈردى. دەل شۇ پەيىتتە خىتاي ھەربى قوماندانلىق شتابى

مىللى ئارمىيىنىڭ بارلىق قوماندان ، ئوفىتسېرلىرىنى ئۈرۈمچىگە جىددى چاقىرتىۋېلىپ مەخسۇس سىياسى ئۆگىنىش ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ قامال قىلىۋالدى. نەتىجىدە خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى ئارمىيىسىنى ئىشقا سالالمىدى. بۇ چاغدا جاللات ۋاڭ جىن گېزىت - ژورنالدا «زومىگەرلەرنى بېسىقتۇرۇش » تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ ئەسكەرلىرىنى يۆتكەپ، شەرقى تۈركىستان يېزىلىرىدا بىر - بىرىگە تۇيدۇرماستىن قانلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. بەزى يېزىلار تانكا بىلەن پۈتۈنلەي ئوققا تۇتۇلدى. خەلقلەر ئات - چاپ قىلىندى. بەزى يېزىلاردا يۇرت مۇتىۋەرلىرى، ئاقساقاللىرى، زىيالىلىرى، مىللى ئارمىيىدىن قايتقان ئەسكەرلەر خەلق ئالدىدا ئاشكارا ئېتىپ تاشلاندى. ئۆلتۈرۈلگەنلەر 300 مىڭغا يەتتى. خىتاي كوممۇنىستلىرى ئارقىدىنلا « 3 كەقارشى ، 5 كە قارشى » دېگەندەك سىياسى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى، مىللى ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېرلىرى ۋە يەرلىك زىيالىلاردىن بولۇپ 120 مىڭدەك كىشىنى قولغا ئالدى. بىر قىسمىنى تۈرمىلەردە قىيناپ ئۆلتۈردى. خەلقىمىز ئۆزىنىڭ مەتىمىن چىڭگىز داموللام، ئەسھەددۇللاھ داموللام، ئابدۇرېشىت مەۋلىۋى، قۇربان قوداي، ئابدۇل ئەزىز مەخسۇم قاتارلىق مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. جاللات ۋاڭ جىن « مايمۇن ئۆلتۈرۈپ ، يولۋاسنى قورقۇتۇش » تاكتىكىسىنى ئىشلەتكەنلىكىنى ئاشكارا جار سالدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئىككى قولى شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ قېپ - قىزىل قېنى بىلەن بويالغان ۋاڭ جىننى يالغاندىن « خاتالاشتى، سىنىپى دۈشمەنلەرنىڭ سېپىنى كېڭەيتىۋەتتى » دەپ بېيجىڭغا يۆتكەپ، ئەمىلىيەتتە خىتاي كوممۇنىستلىرىغا « ئالاھىدە تۆھپە » قوشقانلىقى ئۈچۈن مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە قەدەر ئۆستۈرۈپ ئىشلەتتى.

## ئۇلۇغچات خەلق قوزغۇلىڭى

1955 ـ يىلى خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ ئاتۇش، ئۇلۇغچات قاتارلىق جايلاردىكى شۆبە بيۇرولىرى مەركەزنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، پۈتۈن خەلقنى قوزغۇلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشكىللىگەن ئىدى. شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىستىقلال ئارمىيىسىنىڭ سابىق زەمبىرەكچى پولىك كوماندىرى جانايۇپ بىلەن ئۆمەرۇپ يوشۇرۇن ھالدا 300 دىن ئارتۇق قۇراللىق، ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ، 8 ـ ئايدا قۇراللىق قوزغۇلاڭ كۆتۈرۈپ ئۇلۇغچات تەۋەسىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنى ئازات قىلدى. ئاتۇشتىن كەلگەن ئۇيغۇر ياشلىرى ۋە تاغدىن چۈشكەن قىرغىز ياشلىرى بىرلىشىپ تەشكىللىگەن مۇستەقىللىق جەڭچىلىرى قىزىلنىڭ بويىدىكى يېڭى ئۇلۇغچاتقا مۇكىۋالغان خىتاي ئەسكەرلىرىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئاتلاندى. جەڭچىلەر مۇناپىقلارنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن يولدا خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قاتمۇ ـ قات مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قىلىپ مەغلۇپ بولدى. پىداكار جەڭچىلەر ئۆلتۈرۈلدى، قولغا ئېلىندى. جانايۇپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى، ئۆمەرۇپ 20 يىل قاماقتا ياتتى.

## يېڭىسار يازلىق يىغىم قوزغۇلىڭى

خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ يېڭىسار شۆبە بيۇرىسىنىڭ رەھبىرى مۇتەللىپ بىلەن جېلىل قارى قاتارلىقلار ساغان كەنتىدە مەخپى تەشكىللىنىپ، پۈتۈن يېڭىسار خەلقىنى يازلىق يىغىم پەيتىدە قوزغۇلاڭ كۆتىرىشكە يېتەكلىدى. 1955 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يېزىلاردىكى دېھقانلار يازلىق ھوسۇلىنى يىغىپلا، خىتايلارنىڭ باج ئېلىشقا كەلگەن كادىرلىرىنى ئۆلتۈرىۋەتتى. دۆلەت ئاشلىق ئامبارلىرىنى بىكار قىلىپ ، خاماندىكى بۇغدايلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆيلىرىگە توشۇپ كەتتى. قۇراللانغان دېھقانلار خىتاي ئەسكەرلىرىنى ئېتىپ يېقىن كەلتۈرمىدى. قەشقەردىن چىققان 400 ئاپتوموبىل ۋە تانكىلىق خىتاي ئەسكەرلىرى يېڭىسارنى ئۈزۈن مۇددەت قورشىۋېلىپ خەلقنى رەھىمسىز قىرغىن قىلدى ۋە تۇتقۇن قىلدى. قەھرىمان خەلق پەرزەندى

مۇتەللىپ ئۇرۇش مەيدانىدا شېھىت بولدى. قولغا ئېلىنغان جېلىل قارى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىماي 1964 ـ يىلى قىيىن ـ قىستاقلار ئارقىسىدا شېھىت شەربىتىنى ئىچتى.

## ئاتچوي دېھقانلار قوزغىلىڭى

خوتەندىكى ئاتاغلىق ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن ئابلىمىت داموللام، پەتىھىدىن مەخسۇم قاتارلىقلار ئۇزۇن زامان تەييارلىق قىلىپ ۋە يۇرت ئارىلاپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، 1954 ـ يىل ئاخىرىدا ئاتچوي كەنتىدە « تەشكىلى نىجاتىيە » نى قۇرۇپ چىقتى ۋە ئىسلامى غازات قىلىپ ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنى ھايداپ چىقىرىپ، شەرقى تۈركىستان موسۇلمان دۆلىتى قۇرۇش چاقىرىقىنى چىقاردى.

1955 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىلدى. نەچچە مىڭلىغان غازاتچىلار شۇ كۈنىلا ئاتچوي كەنتىنى ئازات قىلدى ۋە تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنى بوشاتتى. خوتەن شەھرىنى پەتىھ قىلىش ھازىرلىقى ئىشلىنىۋاتقاندا، خائىننىڭ ساتقىنلىقى تۈپەيلى غازاتچى قوشۇن خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالدى ھەمدە ئىنتايىن دەھشەتلىك قانلىق قىرغىنچىلىقتا شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە مۇيەسسەر بولدى. قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرى خەلق ئىچىدە ئۇزۇن مۇددەت يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىرى يەنە دۈشمەن قولىدا شېھىت قىلىندى.

## قارىقاش دېھقانلار قوزغىلىڭى

بىر يىل ئەۋەل قىشتا ئاتچويدىكى غازاتچىلار بىلەن ئالاقىلاشقان قاراقاش

ناھىيىسىنىڭ ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن باقى داموللام، مۇھەممەت داموللام باشچىلىقىدىكى مىڭغا يېقىن قۇراللىق دېھقانلار 1956 ـ يىلى 3 ـ ئايدا غازات ئېلان قىلىپ جەڭگە ئاتلاندى. ئۇلار قارىقاشنى پەتىھ قىلغاندىن كېيىن، دەرھال تارىم ۋادىسىغا قاراپ ئاتلىنىپ، مۇنبەت زېمىنلارغا رۇخسەتسىز كېلىپ ئورۇنلىشىۋالغان ۋە قارىقاش خەلقىنىڭ ياياقلىرىنى ئىگەللەپ ئالغان ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ھەل قىلغۇچ جەڭدە قەھرىمان مۇجاھىدلار دۈشمەننىڭ قىسىملىرىنى ئاساسەن قىرىپ تاشلىدى. ئۇلارىدىن نەچچە ئون ھەسسە ئۈرغۈن دۈشمەنلەر تەرىپىدىن قورشاۋدا قالغان غازاتچىلار جان تىكىپ ئۇرۇشۇپ 200 دىن ئارتۇق شېھىت بېرىپ ، بىر قىسمى قورشاۋنى يېرىپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ ، قوزغىلاڭنىڭ يېتەكچىلىرى شېھىت بولدى. 2000 دەك مۇجاھىت دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالدى. نەجمىددىن داموللام قاتارلىقلار مۇددەتسىز تۈرمىگە قامالدى.

## لوپ دېھقانلار قوزغىلىڭى

خۇددى قارىقاشتىكىگە ئوخشاشلا لوپ ناھىيىسىدىكى دېھقانلارمۇ ئابدۇلقادىر داموللام باشچىلىقىدا 1956 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىقىپ، خىتاي ئىستىلاسىغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. لوپ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خىتاي ئەسكەر ۋە ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئىدارە ، ئورگانلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. خىتاي ئەسكەرلىرىنى ئېتىپ لوپ تەۋەسىگە كىرگۈزمىدى. بىر يېرىم مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلغان ئابدۇلقادىر داموللام ئالاقە ئۈزۈلۈپ قىلىپ ، ئۇق ـ دورا يېتىشمەي، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قورشاۋىدا ئېتىشىپ سەپداشلىرى بىلەن بىللە شېھىت بولدى. قېچىپ يوشۇرۇنغانلار بىر يىلغىچە ئۈيمۇ ـ ئۈي ئاختۇرۇپ تۇتقۇن قىلىندى.

## ئۇلانباي ئاتلىق پولىك قوزغىلىڭى

شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرپولىك ئاتلىق ئەسكىرى خىتاي كوممۇنىستلىرى ھاكىمىيەتنى ئالغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسى بولغان ئۇلانبايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئەمما بۇ پولىكنىڭ ئەتراپىغا تانكا، زەمبىرەك قىسىملىرى بولغان 4 خىتاي پولكىنى يەرلەشتۈرۈپ ھەرزامان دەككە - دۈككە ئىچىدە تۇراتتى. خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى تەرىپىدىن مەخپى باشقۇرۇلىدىغان بۇ پولىك ئۈرۈمچىگە ھەرزامان ئېغىر تەھدىت سېلىپ تۇراتتى.

ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولىۋاتقان دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ قوراللىق قوزغىلاڭ ئېلىپ بېرىش قارارىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. پارتىيە مەركىزى كومىتېتى ئۇلانباي ئاتلىق پولىك قىسىملىرىغا چاقماق تېزلىكىدە ئۈرۈمچىنى ئىگەللەپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ قوماندانلىق شتاپلىرىنى ۋەيران قىلىش ، باشقا مىللى ئارمىيە قىسىملىرىغا ئۆز جايلىرىدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى يوقۇتۇپ، ھاكىمىيەتنى خەلق قوراللىق قىسىملىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، دەرھال ئۈرۈمچىگە ئاتلىنىش بۇيرۇقى بېرىش قارار قىلىندى. ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسى ۋەزىيەت تەھلىلىدە ، يەتتە يىلدىن بېرى مىللى ئارمىيىنىڭ قوماندانلىرى ۋە ئەسكەرلىرى تۈركۈملەپ قىسقارتىلىۋاتاتتى، مىللى ئارمىيىنىڭ پولكلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئارمىيىسىگە ئۆزگەرتىلىۋاتاتتى، ئەڭ ئاخىرقى ئارمىيە ۋە قورال قولدىن كەتسە ئىككىنچى مۇنداق پۇرسەت كەلمەيتتى. ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىكى خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ ئاستا - ئاستا مۇھىم ۋەزىپىلەردىن يىراقلاشتۇرۇلىۋاتاتتى، تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىۋاتاتتى. بەزىلىرى خائىنلىق قىلىپ خىتايلارغا غالچىلىق قىلىۋاتاتتى.

1956 - يىلى 2 - ئايدا قوزغىلاڭ تەييارلىقى باشلاندى. شەرقى تۈركىستان خەلق

ئىنقىلاۋى پارتىيىسى قارىمايدىكى 2000 نەپەر، قەشقەر كانسۇدىكى 1000 نەپەر، قەشقەردىكى 500 نەپەر ئەسلىدىكى مىللى ئارمىيە ئەسكەرلىرىنى ( ھەربىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان ئەسكەرلەرنى ) مىجىت زاھىدى باشچىلىقىدا ئۇرغۇن ئىقتىسات ئاجرىتىپ ئۇرۇمچىگە توپلىدى. قالغان جايلاردىكى ئەسكەرلەرگىمۇ يوشۇرۇن ئالاقە ئېۋەتىلدى. ئۇرۇمچىگە يېتىپ كەلگەنلەرگە مەخپى قۇرال تارقىتىلدى. نېفىت توشۇيدىغان 200 ماشىنىدا قوزغۇلاڭ ئۈچۈن توخسۇن ئاغى بۇلاقتا كىتىۋاتقان قۇراللىق مىللى ئارمىيە ئەسكەرلىرى خائىنىنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن تۇيۇقسىز يول ئۈستىدە قورشاۋدا قىلىپ دۈشمەنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. باشقا جايلاردا ھازىرلانغان جەڭچىلەر دەرھال يوشۇرۇندى. بىر قىسمى پاسپورت رەسمىيىتى بىجىرىپ قازاقىستانغا، ئۆزبەكىستانغا ۋە قىرغىزىستانغا چىقىپ كەتتى. قولغا ئېلىنغان جەڭچىلەر ئۇرۇمچىنىڭ غەربى چۆل ( شىگوبى ) تۈرمىسىدە ئاچلىقتىن ئازاپلاپ ئۆلتۈرۈلدى. پەقەت 200 گە يېقىن جەڭچى ھايات قالغان بولسىمۇ، ھېچكىم خىپ نىڭ ۋە سەپداشلىرىنىڭ مەخپىيەتلىگىنى ئاشكارىلىمدى.

يوقىرىدىكى ئۇڭۇشسىزلىقلاردىن غەزەپلەنگەن ئۇلانباي ئاتلىق پولكى قەتئى قارارغا كىلىپ رەسمى قۇراللىق قوزغۇلاڭغا ھازىرلاندى. قوماندانلار ئوفىتسېرلارغا، ئوفىتسېرلار جەڭچىلەرگە ئەملى ئەھۋالنى ئېنىق سۆزلەپ چۈشەندۈردى. ئەپسۇسكى خائىنىنىڭ ساتقىنلىقى تۈپەيلىدىن ئەتىسى قوزغۇلىدىغان كۈنى كېچىسى تۇيۇقسىز بىر پولىك ئاتلىق ئەسكەر قۇرالسىزلاندۇرۇلدى. كۆتۈلمىگەن پەيتتە قىلىنغان دەھشەتلىك قىرغىن ھۇجۇمىدا پولىك قوماندانلىرى ۋە ئوفىتسېرلار، شۇنىڭدەك خىپ ئەزالىرى قولغا ئېلىندى، جەڭچىلەر تارقىتىۋېتىلدى. قوزغۇلاڭ يېتەكچىلىرى تۈرمىلەردە ئۇزاق مۇددەت قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى.

## ئېچىلىپ ـ سايراش ـ مۇستەقىللىق داۋاسى

1957 ـ يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى « ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە

ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش ، سىياسى ھەرىكەتنى ئېلىپ باردى. خىتايلار ئۆز ئىچىدە ئۇكۇچىلىققا قارشى باشلىغان بۇ ھەرىكەتتە كوممۇنىستلارنىڭ ھەرقانداق تەنقىتتىن قورقمايدىغانلىقى ۋە تەنقىتلىگۈچىنى قارشى ئالىدىغانلىقى ھەققىدە ئالاھىدە ۋەدە بېرىپ ئىش باشلىغان ئىدى. خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى پۈتۈن زىيالىلارغا خەلقنى ئويغۇتۇش، ھەق ـ ناھەقنى تونۇتۇش، كوممۇنىستلارنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاش چاقىرىغىنى چىقاردى. زىيالىلار خىتايلارنىڭ ھەرىكەتتىن كىيىنكى مەقسىدىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ، قىلچە ئىككىلەنمەي، قانلىق جىنايى پاكىتلارنى، ئالدامچىلىقلارنى، سۈيىقەستلىك ھىلە ـ مىكىرلەرنى ئېچىپ تاشلاپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى زوراۋانلىقلىرىنى پاش قىلدى. پۈتۈن شەرقى تۈركىستان شىكايەت مۇنبىرىگە ئايلاندى. زىيالىلار يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ، مۇستەقىللىق داۋاسىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ھودۇققان خىتاي دائىرىلىرى دەرھال بۇيرۇق چىقىرىپ ۋاپاسىزلىق بىلەن زىيالىلارنى قولغا ئالدى ۋە خەلق ئالدىدا كۈرەش قىلىپ ھەيۋىسىنى كۆرسەتتى. نەتىجىدە خەلق نۇرغۇن زىيالىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ھەقىقى قىياپىتىنى ـ ئالدامچىلىق ماھىيىتىنى تونۇپ ئالدى. شۇ قېتىملىق سىياسى ھەرىكەتتە 150 مىڭ نەپەر شەرقى تۈركىستان زىيالىسى ۋە دىنى زاتلىرى « يەرلىك مىللەتچى » ، « ئوڭچى » قالپىقىنى كىيىپ خىزمەتتىن ھايدالدى، قولغا ئېلىندى، ئۆلتۈرۈلدى. خەلقنىڭ نۇرغۇن مۇنەۋۋەر يىتەكچىلىرى ، رەھبەرلىرى يېزىلارغا سۈرگۈن قىلىندى.

## كۆكتۇقاي چارۋىچىلار قوزغىلىڭى

1958 ـ يىلى تاغلىق رايونلاردا يايلاق ۋە چارۋا ماللار خىتايلار تەرىپىدىن دۆلەت مۈلكى دەپ مۇسادىرە قىلىندى. شۇ يىلى كۆكتۇقايدا جەمشىتقان ۋە دەللىقان باشلىق چارۋىچىلارنىڭ مۇتىۋەرلىرى ئەسلىدىكى شەرقى تۈركىستان

جۇمھۇرىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىدىدە چارۋىچىلارنى قۇراللاندۇرۇپ، تەشكىللەپ قوزغىلاڭ كۆتەردى. قوزغىلاڭچىلار چىڭگىل، بەشبالىق ئەتراپلىرىغا قەدەر ئالاقىچى ئىۋەتىپ قوزغىلىپ، يايلاق ، قىشلاقلارنى ۋە چارۋا ماللارنى قايتۇرۇپ ئالدى. خىتايلار قۇرۇۋالغان ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، قانۇنسىز كادىرلارنى ئۇرۇپ قوغلىۋەتتى. ھەددىدىن ئاشقانلىرىنى ئۆلتۈرىۋەتتى. قۇراللىق پەلۋانلار تاغ قاپتاللىرىدىكى قولايلىق جايلارغا چىقىۋېلىپ خىتاي ئەسكەرلىرىنى زور چىقىمغا ئۇچراتتى. ئىپتىدائى ئوۋ قۇراللىرى بىلەن زامانىۋى قۇراللانغان ھىساپسىز خىتاي ئەسكەرلىرىگە تەڭ كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تاغنى قورشىۋالغان خىتايلار ئالدامچىلىق بىلەن يالغان ۋەدىلەرنى بېرىپ قوزغىلاڭچىلارنى تاغدىن چۈشۈرۈپ تۇتقۇن قىلدى. سۇسىز چۆللەرگە ئاپىرىپ تاماقسىز ئېغىر ئەمگەكلەرگە مەجبۇرى سىلىپ قىيناپ ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى.

## قومۇلدىكى قانلىق قوزغىلاڭ

1958 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۆمۈر خەلىپە، خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ئەۋلاتلىرى بولغان قومۇل دېھقان ـ چارۋىچىلىرى يەتتە مىڭ پەلۋاننى يىغىپ قوزغىلاڭ كۆتەردى. قوزغىلاڭ يىتەكچىلىرى خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر جەڭچىلىرىدىن سۇلتان ماھمۇت، ئىلى قۇربان ۋە سېيىت باتۇرلار ئىدى. قوزغىلاڭچىلار تەڭرىتاغ رايونىدىن ئاتلىنىپ قومۇل ناھىيىسىنى تىزلا ئازات قىلدى. رايونلۇق ھۆكۈمەتنى تارقىتىۋېتىپ، نۇرغۇن قۇرال ـ ئوق غەنىمەت ئالدى. تىلفون، ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. تاشيوللارنى قامال قىلدى. نەچچە يىلدىن بېرى بىرمۇنچە باتۇر ئوغلانلىرى قامالغان تۈرمىگە ھۇجۇم قىلىپ مەھبۇسلارنى ئازات قىلدى. ئالاقزادە بولغان خىتاي ئەسكەرلىرى قورقىنىدىن بارىكۆلگە قىچىپ كەتتى. بىر يىلغا قەدەر داۋاملاشقان ئۇرۇشتا لەنجۇ، قومۇل، بەشبالىق، ئۈرۈمچىلەردىن چىققان خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قاتتىق مۇھاسىرە

چەمبىرىگىگە ئېلىنغان پىدايىلار ئوق ـ دورىسى تۈگەپ قالغان بولىسىمۇ « ئۆلسەك شېھىت ، قالساق غازى » دەپ ئاخىرىغىچە تىركەشتى. پاجىئەلىك ئاياقلاشقان بۇ قوزغىلاڭمۇ نەچچەمىڭ جەڭچىسىنى تۈرمىگە ئۈزۈلتۈش بىلەن ئاياغلاشتى.

## 2 ـ يوشۇرۇن كۆرەش باسقۇچى ( 1960 ـ 1979 )

### ئۈرۈمچى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ باستۇرۇلۇشى

1961 ـ يىلى شەرقى تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى غەربى تاغ كۆمۈر كانىدا 18 كىشىدىن تەركىپ تاپقان «شەرقى تۈركىستان ۋەتەن قۇتقۇزۇش پارتىيىسى » شۆبە بىيوروسى قۇرۇلدى. كان رەھبەرلىرىدىن تارتىپ ئىشچىلارغىچە خىتاي ساقچى ئىدارىسىدىكى ئۇيغۇر يىگىتلەرمۇ ھەممىسى پارتىيەگە ئەزا بولدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كاندىكى 16 مىڭ ئىشچى تەشكىللەندى. شۆبە تارماقلار كېڭىيىپ ئۈرۈمچى 1 ـ ئاۋغۇست پولات زاۋۇدى ۋە ئالتە داۋان كۆمۈر كانىدىكى 30 مىڭدەك ئىشچى ۋە ئۇيغۇر مەمۇرى كادىرلارمۇ بۇ پارتىيەگە ئىشتىراك قىلىندى. ئاستا ـ ئاستا ئۈرۈمچىدىكى نۇرغۇن كان، زاۋۇت، فابرىكا ئىشچىلىرى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. غەربى تاغ كۆمۈر كان رايونىنىڭ يىنىدا ناھايىتى چوڭ بىر تاغ ئاستى قۇرال ـ ئوق ئامبىرى بار ئىدى. پارتىيە شۆبىسىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بۇ ئامبارنى ئىگەللەپ ، تولۇق قۇراللىنىپ ئۈرۈمچىنى ئازات قىلىش ئىدى. مەركىزى كومىتىت چەتئەل ياردىمىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كىيىن قوزغىلاڭ كۆتىرىش تەييارلىقىنى كۆرىۋاتاتتى. پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى ئەسلىدىكى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرى ، ھەربى ئەمەلدارلىرى بولۇپ، كان ئىشچىلىرى ئاساسەن شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مىللى ئارمىيىسىنىڭ ھەربى سەپتىن چېكىندۈرۈلگەن پىشقەدەم

جەڭچىلىرى ، قەشقەر ، ئاقسۇ ، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىن كەلگەن ياشلار ۋە ئۈرۈمچىدىكى مىللەتچى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. خكپ مەركىزى كومىتېتىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قوغداش مەقسىتىدە « ۋەتەن قۇتقۇزۇش پارتىيىسى » نامىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شۆبە بيۇروسىنىڭ بەزى تارماق ئەترەتلىرى 1962 - يىلى ئىلى - چۆچەك قوزغىلىڭى داۋامىدا سالاھىيىتى ئاشكارىلىنىپ قالغان بەزى مۇھىم كىشىلەرنى چېگرىدىن چىقىرىۋېتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش مەزگىلىدە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ جاسۇسلىرى تەرىپىدىن سېزىلىپ قالغان بولۇپ، ھىلىگەر خىتايلار ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئۆز جاسۇسلىرىنى كىرگۈزۈپ بىرقىسىم ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى.

1963 - يىلى يازدا ، غەربىي تاغ كان رايونىدا يېڭىدىن ياسالغان 5 دانە مۇددەتلىك پارتلايدىغان بومبا سىناق قىلىنىۋاتقاندا نەق مەيداندا 8 نەپەر ئۇيغۇر ياش خىتايلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. مەركىزى قوماندانلىق شتابىغا قەدەر ئىچكىرىلەپ كىرىۋالغان خىتاي غالچىسى - جاسۇسىنىڭ ئاخباراتىدىن خىتاي كوممۇنىستلىرى چۆچۈپ كەتتى! چۈنكى ئۈرۈمچىدىكى 50 مىڭغا يېقىن ئىشچى قوراللىنىپ قوزغىلاڭغا تەييارلىنىپ بولغان ئىدى. بۇلارنى باستۇرۇش ئانچە ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. خىتايلار بۇلارنىڭ ئارقىسىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسى كومىتېتى، ھەربىي رايون قوماندانلىق شتابى، خەلق ھۆكۈمىتى قاتارلىق رەھبەرلىك ئورگانلىرىدىكى مەسئۇل ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقىدىن گۇمانلىناتتى. ھەقىقەتەن خىپنىڭ قوزغىلىڭچىلىرىدىن مەمتىمىن ئىمىنوپ خىتاي ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىدى. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەشكىللىنىپ مەشىق ئېلىپ بېرىۋاتقان ئونمىڭلارچە ئىشچى - « خەلق ئەسكەرلىرى » ئەمەلىيەتتە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى ئىدى! ئەگەر ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئېغىر، يېنىك قوراللارغا ئوق تارقىتىلسىلا ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئالالايتتى. خەتەرلىك ئەھۋال بېيجىڭغا خەۋەر قىلىندى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىرنەچچە يۈزمىڭ ئەسكەر يۆتكەپ كەلگەن خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بېيجىڭ مەركىزى

ھۆكۈمىتى ئۆچۈرگىلى بولمايدىغان بۇ ئوتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ ، دۇنياغا تۇيدۇرماي يىغىشتۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللاندى. ئالدى بىلەن ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى گۇمانلىق دەپ قارالغان يەرلىك ئەمەلدارلارنى بېيجىڭگە جىددىي يىغىنغا چاقىرىپ يىغىۋالدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى جىددىي بۇيرۇق بىلەن ئۆز ئورنىدىن يۆتكەپ ، قۇرالسىزلاندۇرۇپ تەتىللىك دەم ئېلىشلارغا پارچىلاپ ئېلىپ كەتتى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە يوشۇرۇن ھەربىي ھالەت ئېلان قىلدى. ھەممە تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن زاۋۇتلاردا، كانلاردا تۇيۇقسىز ئىش توختىتىپ جىددىي يىغىن چاقىرىپ ، ئىشچىلارنى توپلاپ سېخلارغا يىغىۋالدى - دە ئەتراپنى خىتاي قۇراللىق ئەسكەرلىرى بىلەن قورشاپ ھەممە يەردە بىرلا ۋاقىتتا سىياسىي دېلونى ئېلان قىلدى. ئۆزلىرىگە مەلۇم بولغان خىپ رەھبەرلىرىنى قولغا ئالدى. « قايمۇقۇپ » قاتنىشىپ قالغان ئىشچىلارغا « كەڭچىلىك » قىلىندى. بۇ ھەقتە ئىككىنچى ھېچ يەردە ئېغىز ئاچماسلىققا قەسەملەر ئېلىندى. ھەر بىر زاۋۇتتا سېخلار بويىچە پارچىلاپ بىر ئايغىچە داۋاملاشقان بۇ سىياسىي ھەرىكەتتىن كېيىن پۈتۈن پارتىيە يېتەكچىلىرىدىن ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدىن ئايرىلىپ ، ئۇزاق بىر زامانغىچە ۋەھىمىلىك جىم - جىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئارقىدىنلا زاۋۇتلار تاقىلىپ ئىشچىلار تارقىتىلدى، قولغا ئېلىش، ئىشتىن بوشىتىش، يىراق يەرگە يۆتكەش، يېزىغا قايتۇرۇش قاتارلىق جىددىي تەدبىرلەر بىلەن قوزغىلاڭغا ھازىرلانغان ئىشچىلار تارقاقلاشتۇرۇلدى. پارتىيە قوشۇنى يوق قىلىندى. مىللىي سانائەت بازىلىرىدىكى يەرلىك ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ ئورنىنى نەچچە يۈزمىڭ خىتاي ئىشچىلىرىنى يۆتكەپ چىقىپ تولدۇرۇپ ئالدى.

قولغا ئېلىنغان 10 مىڭدىن ئارتۇق پىداكار جەڭچىلەر ۋەتىنىگە، مىللىتىگە، پارتىيىسىگە سادىق بولۇپ، سوراق مەيدانلىرىدا مەردانە كۈرەش قىلدى، ئوچۇق سوت ئېچىشنى، ئادۋوكات بېرىشنى تەلەپ قىلدى. خىتاي ئاساسقانۇنىدىكى تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ھوقۇقىنى قوغدىدى. ئەمەلىي ھەرىكەت شەكىللەنمىگەنلىكى ئۈچۈن بىگۇنا ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ ، پارتىيە

مەخپىيەتلىگىنى قوغدىدى. قەسىمنى ئاقلاپ مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر جەڭچىسىگە ئايلاندى. مەمەت سىيىت، ئابدۇكېرىم تالىپ قاتارلىق نۇرغۇن قەھرىمانلار مۇددەتسىز تۈرمىدە يېتىشقا رازى بولدىكى « جىنايىتى » گە ئىقرار بولمىدى.

3 يىلدىن كېيىن خىتايلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىشچىلار ھەرىكىتى بېسىقىپ يوقوتۇلغاندەك بولدى. بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت ئاساسلىقى مىللى مۇناپىقلىرىمىزنىڭ ساتقىنلىقىدىن باشقا يەنە ئىلى - چۆچەك قوزغۇلىڭى بىلەن ماسلىشىش پۇرسىتىنىڭ قولدىن كەتكەنلىگىدىن بولدى.

## ئىلى ، چۆچەك قوزغۇلىڭى

1962 - يىلى خىتايلارنىڭ زۇلمىغا چىدىمىغان ، ئازاتلىقنىڭ تەمىنى 6 يىل تېتىغان - غۇلجا ، چۆچەك خەلقى پارتلاش ئالدىدىكى بومبىدەك ھالەتكە كەلدى. خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى روسلارنىڭ خىتايلارغا قارشى قۇراللىق تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىدەك پايدىلىق ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئاممىۋى قوزغۇلاڭ كۆتىرىپ ، چېگرىنى ئېچىۋېتىپ ئەسكەر ۋە قۇرال مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى غۇلجا شەھرىدە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى ۋە شەھەر ئاھالىلىرى كوچىغا چىقىپ ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىش قىلدى. يوشۇرۇن قۇراللىق ئەترەتلەر جىددى بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى. 29 - كۈنى نامايىشچىلار ئوبلاستلىق كوممۇنىست پارتىيە كومىتېتى بىناسى ئالدىغا كەلگەندە، نەچچە مىڭ خىتاي ئەسكىرى دەھشەتلىك ئوق چىقىرىپ نامايىشچى خەلقنى ئوق يامغۇرىغا تۇتتى. ئوقۇغۇچى قىزلار ھەتتا 7 ياشلىق ئوسمۇرلەرگىمۇ ئوق تەگدى. مىڭغا يېقىن كىشى شېھىت قىلىندى. غالجىرلاشقان خىتاي ئەسكەرلىرى ھەربى ھالەت ئېلان قىلىپ ئىككى سائەت ئىچىدە پۈتۈن شەھەر كوچىلىرىنى ، قاتناش يوللىرىنى ئىگەللەپ، مىدىرلىغان

ئەرسگە ئوق چىقىرىپ ھېچكىمنى سىرتقا چىقارغۇزمىدى ۋە ئۇنتقۇن قىلىشنى باشلىدى. بۇ پەيتتە، ئالدىقاچان قورغاس چېگرىسى ئېچىلغان ئىدى. چۆچەكتىمۇ ئەينى ئەھۋال يۈز بەردى. بىر ھەپتىگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە خەلق ئۆزلىرى ئىگەللىۋالغان قورغاس، چۆچەك چېگرىلىرىدىن سوۋېت قازاقىستان تەۋەسىگە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. بۇ قېتىمقى چېگرا ۋەقەسىدە ، خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ تەھدىت ئاستىدا قالغان ، يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن جەڭچىلىرى ۋە بۇرۇن روس قىسىملىرى بىلەن بىللە ئىشلىگەن كادىرلار قېچىپ كېتىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئاھالىلارنى قورقۇتۇپ قاچۇرىۋېتىپ، ئورنىغا خىتاي ئەسكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. روسلار بىپايان زېمىنلارغا تەييار ئەمگەك كۈچىنى كۆشكۈرتۈپ ئېلىپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، يەرلىك خەلق ئەسىرلەردىن بېرى بىللە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا كۆچۈپ بىللە ياشاشنى مەقسەت قىلاتتى. گىرەلەشكەن بۇ مەقسەتلەر ئارىسىدا 1 مىليونغا يېقىن ئۇيغۇر، قازاق خەلقى تارىختىكى ئۆز زېمىنلىرى - شۇ گۈنكى روس تەۋەسى ، بۈگۈنكى قازاقىستان تېرىتورىيىسى بولغان يەتتە سۇ ۋىلايەتلىرىگە كۆچۈپ چىقىپ كەتتى. ۋەقەدىن كېيىن خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى ، يەرلىك ھاكىمىيەتلىرى ئايرىم ھالدا مەخسۇس ئەترەتلەر تەشكىللەپ، خەلقنى ھەرخىل باھانىلار بىلەن قولغا ئېلىشقا باشلىدى.

## زەنجىرسىمان تەشكىلاتنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى

1962 - يىلى غۇلجا، چۆچەك قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن ھىندىستان - خىتاي چېگرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى، شەرقى تۈركىستان چېگرا بويلىرىدا « ۋەتەن قۇتقۇزۇش رادىئوسى » تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلىپ پايدىلىق ۋەزىيەت شەكىللەندى. شەرقى تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى چەتئەللەردىكى شەرقى تۈركىستان

ئازاتلىق كۆرىشىگە پايدىلىق تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىسىنى كۈچەيتتى. پارتىيەنىڭ شۆبە بيۇرولىرىنى 9 مۇستەقىل تەشكىلاتقا ئايرىپ ئايرىم ئىسىملار بىلەن ئاتاشنى، بىرلىك ئالاقىسىدىكى زەنجىرسىمان مەخپىيەتلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ، قوراللىق كۆرەشكە ھەرزامان ھازىرلىنىشنى قارار قىلدى. پارتىيىنىڭ تارماق ئەترەتلىرىگە ئۆز جاسۇسلىرىنى كىرگۈزۈشكە ئۈلگۈرگەن خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۇزۇن ئۆتمەي خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنى ئىش مەيدانىدىن، كوچىدىن، ئۆيلىرىدىن تۇيۇقسىز تۇتۇپ سولاشقا باشلىدى. قاتتىق قىيىن - قىستاق ۋە غالجىرانە سوراقلار نەتىجىسىدە بىرقىسىم پارتىيە تارماق ئەترەتلىرى ۋەيران بولدى. خىتايلار سوراق ئىقرارى بويىچە ئىسىملىك تۈزگۈزۈپ، تىزىملىكتە قاراپ ئادەم تۇتۇپ قامىدى. خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ نامىنى ئاشكارا ئاتاشنى چەكلىگەن خىتايلار « زەنجىرسىمان تەشكىلات » نامى ئاستىدا 30 مىڭدەك ئۇيغۇر ياشلىرىنى ۋە زىيالىلىرىنى تۇتۇپ سولاپ قىيناپ يوق قىلدى.

## ئاقسۇ قوزغىلىڭى

1962 - يىلى خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ ئاقسۇ شۆبە بيۇروسى قوراللىق كۆرەشكە ماسلىشىش ئۈچۈن تەشكىلى قوزغىلىشىنى كېڭەيتىپ، 10 نەچچە ناھىيە ۋە رايوندا مەخپى قوراللىق تەييارلىقنى باشلىغان ئىدى. ياسىنوپ باشچىلىقىدىكى رەھبەرلىك تەشكىلاتى مەركەزنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە قاراشەھەر كۆۋرۈكىنى پارتلىتىش، ماي ئىسكىلاتلىرىنى پارتلىتىش، سايئېرىق تەرەپتىن كىلىدىغان خىتاي ئەسكەرلىرىگە توسۇپ زەربە بېرىش، ئۈچتۇرپاننى مەركىزى بازا قىلىپ، ئۆركەشتام ئارقىلىق سۆۋىتكە چېگرىداش رايوننى ئىگەللەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى پۈتۈن ئاقسۇ رايونىدا ئومۇمىيۈزلۈك چوشقا ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى چىقىپ بىرلا ۋاقىتتا

خىتايلارنىڭ ھېساپسىز چوشقىلىرى زەھەرلىنىپ ياكى ئۆرۈپ ئۆلتۈرۈلدى. قۇراللىق قوزغىلاڭغا ھازىرلانغان جەڭچىلەر ئۈرۈمچىدىن كىلىۋاتقان مەخپى شىفىرلىق قۇرال يۆتكەش ئورنى ھەققىدىكى يولىيورۇقنى كۈتۈپ تۇرغاندا ، جاسۇسنىڭ ئاشكارىلىشى بىلەن دۈشمەن قورشاۋىغا چۈشۈپ تارقىلىپ كىتىشكە مەجبۇر بولدى. قوزغىلاڭ يىتەكچىلىرىدىن ياسىنوپ، ئوبۇلقاسىم، ئەيقاسىملار دۈشمەننى ئازدۇرۇپ سايىرىقتىكى مۇز ئىسكىلاتىغا يوشۇرۇنغاندا، دۈشمەنلەر پۈتۈن ئىسكىلاتقا سۇ قۇيۇپ بىرىپ ئۇلارنى تۇتىۋالدى. ئۇلار تۈرمىدە ئۇزۇن مۇددەت مەركىزى ئالاقە ئورنىنى ۋە قۇرال - ئوق يوشۇرۇنغان ئورۇننى ئىقرار قىلماي شىھىت بولدى.

## قەشقەردىكى مەھبۇسلار قوزغىلىڭى

قەشقەردىكى پەيلو جازا مەيدانى شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن 25 مىڭدىن ئارتۇق سىياسى جىنايەتچى قامالغان ئەڭ چوڭ تۈرمە بولۇپ، پەقەت يەر ئاستى تۈرمىدىلا 10 مىڭ مەھبۇس بار.

1964 - يىلى خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ مەركىزى بيۇروسى قەشقەرگە يۆتكىلىپ ، مەخپى قۇراللىق قوزغىلاڭ تەييارلىقىنى باشلىدى. « ئىتتىپاق » ژورنىلى، « ئىستقلال » گېزىتى ۋە باشقا تەشۋىقات ۋاراقلىرى يوشۇرۇن بىسىپ تارقىتىلدى. بۇ چاغدا قەشقەردىكى خىتاي ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسىدە خىپ ئەزالىرى يوشۇرۇن يەر ئاستى پائالىيەت بىلەن شوغۇللىناتتى. دەسلەپكى قەدەمدە ، 100 مىڭ كىشلىك نامايىش ئۇيۇشتۇرۇش، ئارقىدىنلا 120 جايدىكى بىنزىن ئىسكىلاتلىرىغا ئوت قويۇش، پەيلو تۈرمىسىدىكى مەھبۇسلارنى قۇراللاندۇرۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قەشقەر شۆبە بيۇرو باشلىقى قادىر ساۋۇت ئومۇمى قوزغىلاڭغا

مەسئول بولدى.

قادىر ساۋۇتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 1965 - يىلى 8 - ئايدا پالتا مەمتىمىن پەيلو تۈرمىسىدىكى مەسئول خىزمەتتىن پايدىلىنىپ يوشۇرۇن يۆتكەپ كىلىنگەن 300 قۇرالنى تۈرمىدىكى « شەرقى تۈركىستان بورانلىرى » نامىدىكى خىپ ئەزالىرىغا تارقىتىپ بەردى. قىسقا ۋاقت ئىچىدە تۈرمە خىتاي ئەسكەرلىرىدىن تازىلىنىپ ئازات قىلىندى. بۇ پەيىتتە قەشقەردىن چىققان 600ماشىنىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرى تۈرمە ئەتراپىنى قورشىۋالدى. ئىككىنچى تۈركۈم ياردەمگە كىلىدىغان ئادەم ۋە ئوق - قۇراللار تېخى يىتىپ كەلمىگەن ئىدى. قوزغىلاڭچىلار خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ توپ - زەمبىرەك، تانكا ھۇجۇمىغا 4 سائەتكە قەدەر تاقابىل تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ 4 مىڭدەك ئەسكىرىنى يوقۇتۇپ بىيجىڭ ھۆكۈمىتىنى تىترىتىۋەتتى. ئاخىرىدا 37 نـەپەر مۇجاھىد شېھىت بولدى، ئوق تۈگىگەنلىكتىن پارتىيە ئەزالىرى دۈشمەن قولىغا چۈشتى. تەشكىلاتچىلاردىن قادىر ساۋۇت تۈرمىدە قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى. سىيىتنىياز، مەمتىمىن، سىدىقجان ، بارات ھاجى قاتارلىق پىشقەدەم مۇجاھىدلار مۇددەتسىز ۋە مۇددەتلىك قاماق جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىندى. قولغا ئېلىنغان سانسىز قەھرىمانلار ھاياتىنى پىدا قىلىپ پارتىيە تەشكىلاتىنى ۋە سەپداشلىرىنى قوغداپ قالدى. قەشقەردە بىر قانچە ئايغىچە ھۆكۈم سۈرگەن تىرورلۇق، تۇتقۇن قىلىشلار خىپنىڭ خىزمىتىنى تىخىمۇ مەخپىي ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر قىلدى.

## مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىكى سىياسى تەشكىلاتلار

1966 - يىلى 5 - ئايدا پۈتۈن خىتاي مىقياسىدا ماۋزېدۇڭنىڭ يىتەكچىلىكىدە لىيۇشاۋچى، دىڭ شياۋپىڭ لارغا قارشى ئۇمۇميۈزلۈك مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى قالايمىقانچىلىقى باشلاندى. دۆلەت ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى پالەچ ھالەتكە كۆچتى. خەلق ئىككى تەرەپ بولۇپ، ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشتى. ھەممە يەردە ھوقوق تارتىۋېلىش كۆرىشى باشلىنىپ، ئىككى تەرەپ قۇراللىق توقۇنۇش

ئۇرۇشلىرى دېڭىزىغا غەرق بولدى. شەرقى تۈركىستاندا جاللات ۋاڭ ئېنماۋ بۇ كۆرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى ئاشكارا ھالدا ئەنئەنىۋى مىللى مەدەنىيەتكە، ئىسلام ئۆلىمالىرىغا، شەرقى تۈركىستانچىلارغا قاراتتى ۋە يەرلىك خەلقنى ئۆتكۈن قىلدى، سازايى قىلدى، ئۇرۇپ ئۆلتەردى. 1967 ـ يىلىغا كەلگەندە شەرقى تۈركىستاندا قۇرۇلغان 5 مىڭدىن ئارتۇق ئاممىۋى تەشكىلات ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدىغۇچىلار، ۋاڭ ئېنماۋغا قارشى تۇرغۇچىلار ۋە ھەر ئىككىسىگە قارشى تۇرغۇچىلار بولۇپ 3 گۇرۇھقا مەركەزلەشتى. بۇ چاغدا خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى « توپۇلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاش » تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ھەر قايسى تەشكىلاتلاردىكى خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى ئەزالىرىنى تېزلىكتە قوشۇننى كېڭەيتىپ، قۇرال ، ئوق ـ دورا توپلاشقا سەپەرۋەر قىلدى. مەركىزى كومىتېت جىددى يىغىن چاقىرىپ، ئازاتلىق كۆرىشىنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى بەلگىلىدى. تەشكىلى قۇرۇلۇشىنى رەتكە سالدى. چوڭ شەھەرلەردە ئالى ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساس قىلغان يوشۇرۇن قۇراللىق جەڭگىۋار ئەترەتلەر ، تەشۋىقات ئەترەتلىرى بارلىققا كەلدى. شەھەر ئاھالىلىرى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرال ، ئوق توپلاشقا كىرىشتى. كەڭ يېزىلاردا يېرىم ئاشكارا ھالدا خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ جەڭگىۋار گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. ئەزا تەرەققى قىلدۇرۇش چېكىدىن ئاشقان يوقىرى دولقۇنغا كۆتىرىلدى. يەرلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ % 50 ، يېزا ئاھالىسىنىڭ % 90 دىن كۆپرەگى يوشۇرۇن ھالدا تەشكىلى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى. مەركىزى كومىتېت ئىسلام بيورۇسىنىڭ مەسئول دىنى ئالىملىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن دىنى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ ۋە دىنى ئۆلىمالارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خىتايلار تەرىپىدىن بايرىقى ۋە ئالتۇن تامغىسى مۇسادىرە قىلىنىپ باستۇرىۋېتىلگەن ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ تەشكىلى ئاپاراتىنى قايتىدىن تەشكىللەپ چىقتى. دىنى زاتلار تېزلىكتە تالىپ تەربىيەلەش ئوقۇتۇشىنى باشلىۋەتتى. قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى، غۇلجا ، بۆرتالا قاتارلىق شەھەرلەردە قۇرۇلغان ئاممىۋى تەشكىلاتلار نامىدىكى يەر ئاستى گۇرۇپپىلار ئۆزلىرى ئىگەللىۋالغان

دائىرىلەردە قۇراللىق توقۇنۇشلار ئارقىلىق ئۆچ ئېلىش، تەشۋىقات ئارقىلىق خەلقنى
ئويغۇتۇش، قۇرال ، ئوق ـ دورا توپلاپ كەلگۈسى ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭ
ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا يېتەكچىلىك رولىنى ئويناۋاتقان
زىيالىلار، شەھەرلەردىكى ئىشچىلار ۋە ئاھالىلار، يېزىلاردىكى دېھقان ،
چارۋىچىلار شەرقىي تۈركستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى
بولۇپ شەكىللەندى. ئاممىۋى ئاساسى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن نەچچە
يۈز ھەسسە كۈچلۈك بولغان بۇ پارتىيىنىڭ نامىنى ئىنچىل يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان
خىتايلار 50 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ، ئەڭ ئاساسىي دۈشمىنى ھېساپلانغان بۇ
پارتىيىنى يوق قىلىش ئۈچۈن قوللانمىغان قەبىھ ۋاستىسى، يوشۇرۇن زىيانكەشلىكى،
ھىلە- تۆھمەتلىرى قالمىدى.

## ئومۇمىي قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇبىيىتى

شەرقىي تۈركستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى 1969 ـ يىلى « شىمالدىن شەپە
بېرىپ ، جەنۇپنى تىزگىنلەش » تاكتىكىسى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك قۇراللىق قوزغىلاڭ
كۆتىرىش قارارىنى ئالدى. چەتئەلنىڭ قۇرال ياردىمىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە، شەرقىي
تۈركستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق
ئالاقىچىسى ئايتەن، ئابىت ..... لارنى چەتئەلگە ئالاقىلىشىشقا يوشۇرۇن ئەۋەتتى.
چىگرا مۇداپىئە لېنىيىسىدىكى خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ يەر ئاستى جەڭچىلىرى
چىگرىدىن چىقىش ـ كىرىشتە زور قولايلىق يارىتىپ بەردى. چەتئەل ۋە
چەتئەلدىكى شەرقىي تۈركستان مۇجاھىتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئۈچ قېتىملىق بېرىپ ـ
كېلىش ئۇچرىشىشىدىكى سۆھبەتتە ، ئىجابىي رول ئوينايدىغانلىقىنى ۋە ئەمىلى
ھەربىي ياردەمگە ھازىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى
قۇراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىش بەلگىلەندى. سانجى، قارامىاي، شىخەنزە، غۇلجا،

بۆرىتالا ، چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق شىمالدىكى شەھەرلەردە بىرلا ۋاقىتتا پارتلىتىش ئېلىپ بېرىپ ۋە تەشۋىقات ۋارىقى تارقىلىپ دۈشمەننىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىش، بىرلا ۋاقىتتا بۇ جايلاردىكى چېگرا بويلىرىدىمۇ قۇراللىق مۇداخىلە شەپىسى بېرىپ دۈشمەننى ئۆزىگە جەلىپ قىلىش ، جەنۇپ تەرەپتە بولسا قەشقەر ئەتراپىدىكى ناھىيەلەرنىڭ خەلق قۇراللىق قىسىملىرىنىڭ قۇراللىرىنى ئېلىپ ئاتۇش يۆلىنىشىدە ئىلگىرىلەپ، ئۇلۇغچاتقا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، چېگرىنى ئىچىۋېتىش ، ئاندىن قەشقەرگە قاراپ ھۇجۇم قىلىش، پۈتۈن يېزىلار تەڭلا قوزغۇلۇپ، ئۆز جايىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن قەشقەرگە قاراپ ئىلگىرىلەش، قەشقەردە شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى دۇنياغا ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستانلار ۋاستىسى بىلەن چەتئەللەردىن جىددى قۇرال سېتىۋېلىپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ ھۇجۇم باشلاش، ئاخىرىدا پۈتۈن شەرقى تۈركىستاننى خىتاي ئىستىلاسىدىن ئازات قىلىش ئومۇمى پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ئىدى.

قوزغۇلاڭ ھارپىسىدا سالاھىيىتى ئاشكارىلىنىپ قالغان بىر قىسىم گۇرۇپپىلار ۋە شەخىسلەر چەتئەللەرگە چىقىرىۋېتىلدى. يېزىلارغا يوشۇرۇندى. مەركىزى كومىتىتىنىڭ ئاساسى كىشىلىرى تېخىمۇ بىخەتەر جايلاردا مۇداپىئەلەندى. بىر قىسمى قەشقەرگە يۆتكەلدى. پىشقەدەم جۇمھۇرىيەت جەڭچىلىرى ئاساسەن قەشقەرگە چاقىرتىۋېلىندى.

ئەپسۇس ! قوزغۇلاڭغا 3 كۈن قالغاندا ، تارىختىن بويان بىر نەچچە قېتىم شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىق مەنپەئەتىنى خىتايلارغا سېتىپ ئادەتلەنگەن « چەتئەل » نىڭ يەنە ساتقىنلىق قىلغانلىقى مەلۇم بولدى. 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كېچىدە خىتاي دائىرىلىرى بېيجىڭنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا 2 مىليوندەك ئەسكەر، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسى ۋە ساقچىسىنى ئىشقا سېلىپ بىرلا ۋاقىتتا شەرقى تۈركىستاننىڭ 15 شەھىرىدە تۇيۇقسىز تۇتقۇن قىلدى. پۈتۈن قاتناش لىنىيىلىرى قامال قىلىندى. يېزىلار قورشالدى. « نوپوس تەكشۈرۈش » نىقاۋىدا ئېلىپ

بېرىلىۋاتقان تۇتقۇندا زىيالىلار، پىشقەدەم كادىرلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېتەكچىلىرى ئىزىملىك بويىچە تۇتقۇن قىلىندى. شەھەر ئاھالىلىرى قارا قويۇق تۇتۇلدى. ئىدارە ـ ئورگانلار، كىنو ـ تىياتىرخانىلار، مەكتەپ، ئامبارلارغا تۇتۇلغان كىشىلەر سولاندى. قاتتىق تەكشۈرۈش ۋە قىيىن ـ قىستاقلاردىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ 32 مىڭ ئەزاسىدىن باشقا 30 مىڭدەك كىشى نازارەتكە قويۇپ بېرىلدى. پۈتۈن ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپلىرىدىن كوللىكتىپ ھالدا يوشۇرۇن تۈرمە لاگېرلىرىغا يۆتكەپ كېتىلدى. شەھەرلەردە بىرئايغا يېقىن جىددىي ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلدى.

تۇتقۇندىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى پۈتۈن ئەزالىرىغا مەخپىيەتلىكنى جان تىكىپ ساقلاش، ھەرقانداق ئوكۇشسىزلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش، ئەزا تەرەققى قىلدۇرۇشنى قەتئىي توختۇتۇش، ئۈزاقىچە «سۈغا چۆكۈۋىلىش» ھەققىدە جىددىي ئۇقتۇرۇش تارقىتىشقا ئۈلگۈرگەن ئىدى. شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر مۇداپىئە قىلىشقا ئۈلگۈردى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن 20 يىلدىن بىرى ئىسمىنى ئاتاشنى چەكلەپ يوشۇرۇپ كەلگەن خىتاي ھۆكۈمرانلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ نامىنى ئېچكى قىسمدا ئاشكارا ئاتاپ ئېتراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارغا «پانتۈركىس»

«پانئىسلامىست»، «مىللىي بۆلگۈنچى» دىگەندەك «جىنايەت» لەرنى يۈكلەپ، يوشۇرون سوت ئېچىپ ئاشكارا جازالاشقا باشلىدى.

قوزغۇلاڭ مەزگىلىدە ، مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقتىن مۇددەتتىن بۇرۇن قوزغۇلۇشقا مەجبۇر بولغان قەشقەر مەركىزى لېنىيىدىكى ئاخۇنوپ، مىجىت باشچىلىقىدىكى قوزغۇلاڭچى قوشۇن پىلان بويىچە ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ ، ئاساسى قوشون مارالبېشى ئۈچ ئاچا ئېغىزى ئەتراپىدا دۈشمەن مۇھاسىرىسىدە تۇتقۇن قىلىندى. قوماندانلىق شتاپتىكىلەر قاراجۈل چىگرا بويىدا ھايات ـ ماماتلىق ئۇرۇشى قىلىپ، دۈشمەننىڭ سانسىز ئەسكىرىنى قىرىپ تاشلاپ، قەھرىمانلارچە شېھىت بولدى. ئاخۇنوپ، خەيرۇللا، ئوسمانجان، مەمتىمىن، خەيرىنىسا قاتارلىق قەھرىمان

يىتەكچىلەر بىر تامچە قېنى قالغىچە دۈشمەنگە قارشى كۆرەش قىلدى ۋە شېھىت شەربىتىنى ئىچتى. ئەخمەتجان مىزىرى، مىجىت ساقى، روزى ھېكىم، مەھەممەتئىمىن قاتارلىق يىتەكچىلەر قەشقەردە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ئۈرۈمچىدە 1970 - يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ( ئىلى ، چۆچەك چىگرا قوزغۇلىڭىنىڭ 8 يىللىق كۈنى ) ئاشكارا سوت ئېچىلىپ شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە پارتىيىسىنىڭ يىتەكچىلىرى نامى بىلەن توختى قۇربان، نىياز ئۆمەر، مەمتىمىن باي، ياش قەھرىمان دولقۇن ئىبراھىم قاتارلىق 30 نەپەر مۇجاھىد ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. ئىنقىلاپ رەھبىرى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن ئىمىنوپ دوختۇرخانىدا يوشۇرۇن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى.

پۈتۈن شەرقى تۈركىستاندا قانلىق باستۇرۇش 6 ئاي داۋام قىلدى. شەھەر ، يېزىلاردىكى مەمۇرى ئورگانلاردىن تارتىپ مەكتەپلەرگە قەدەر خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ باشقۇرۇلدى. ھەتتا ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلارغىمۇ ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش ھوقوقى بېرىلدى. نۇرغۇن خەلق تۈرمىلەردە دەھشەتلىك ئازاپلاشلاردا ھاياتىنى يوقاتتى. تىرىك قالغانلار 10 - 15 يىلغىچە ھېچ سوراقسىز، سوتسىز قاراڭغۇ كامىرلاردا كىشەنلىك ياتتى. غۇلجىدا بىركۈن ئىچىدە ئابابەكرى زاھىر، مۆمىن قارى، ئابدۇجاپپار، سابىر، ئىسمايىل ئابدۇغېنى، خوجاخمەت، دۆڭمەمەت قادىر، ئاسىلقان، مۇقان، ھەنىپە، يۈسۈپ مۇسا قاتارلىق مۇجاھىدلار سوراقسىز ۋە سوتسىز ھۆكۈم بىلەن ئېتىپ تاشلاندى. شۇندىن كېيىن خەلق گەپ قىلسا قولىقىنى ياقىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ قېتىمقى ئېغىر مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئازاتلىق تەشكىلاتلىرى كۆرەش تاكتىكىسىنى يەنە تىگىشتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

## ئاشكارا دېموگراتىك كۆرەش باسقۇچى

(1990 — 1980)

1970 ـ يىلدىكى قانلىق باستۇرۇشتىن كېيىن، شەرقى تۈركىستان خەلقى ۋەھىمە ئىچىدە 10 يىلنى ئۆتكەزدى. بۇ 10 يىل ئىزلىنىش، تىركىشىش ھالىتىدە ئۆتتى. خەلق ئىدىيىۋى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى، مائارىپنى چىڭ تۇتۇش، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيەلەش، كەلگۈسىنىڭ ئۈمىت ئۇرۇقلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ۋە ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن پەيت كۈتۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ھىس قىلدى. خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى « سۇغا چۆكتۈرۈش » تاكتىكىسىنى داۋاملاشتۇردى. 1980 ـ يىللاردا پارتىيە تەشكىلاتى تېخىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە مەخپىيەتلىككە قەدەم قويدى. قانۇنى كۆرەش، دېموگراتىك كۆرەش ۋە ئاممىۋى كۆرەش شەكلى ئارقىلىق شەرقى تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ھازىرلىقلار باشلاندى. زىيالىلاردا تارىخ تەتقىقاتى ئەۋج ئالدى. شەرقى تۈركىستان خەلقى شەھەر ، يېزىلاردا تەڭلا مىللى ئويغىنىش كۆرىشىنى قانات يايدۇردى. خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاساسقانۇندىكى « نامايىش قىلىش ئەركىنلىگى » دېموگراتىك كۆرەشنىڭ قانۇنى شەكلىدە چوڭ رول ئوينىدى. ئۇيغۇر زىيالىلىرى ، خىتاي دېموگراتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت، ئاخبارات ـ نەشرىيات، گېزىت ـ ژورنال ، مائارىپ ساھەلىرىدە ئىلىپ بېرىۋاتقان خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى ھەرىكەتلىرىگە ماسلاشقان ھالدا مىللى ئويغىنىش شۇئارى بىلەن مىللى مەدەنىيەت كۆرىشىنى باشلىۋەتتى.

## بۆرىتالا خىتاي قاچتى ۋەقەسى

1979 ـ يىلى قىشتا بۆرىتالا چېگرا بويلىرىدا روس ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربى مانېۋىر ئۆتكەزگەنلىكى ھەققىدە خەۋەرلەر تارقىلىپ ئارقىدىنلا « روس ئەسكەرلىرى

بېسىپ كىلىدىكەن، يەرلىك خەلققە چىقىلمايدىكەن، خىتايلارنى قىرىپ تاشلايدىكەن » دېگەن مەزمۇنلاردا گەپلەر تارقالدى. بۇرىتالادىكى ۋەتەنسۆيەر كىشىلەر دەرھال تەشكىللىك ھالدا تەشۋىق ۋارىقى تارقاتتى. شۇ كۈنلەردە ئورمان ئىچىدە ئوۋ قىلغان ئوۋچىلارنىڭ مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان خىتاي چېگرا ئەسكەرلىرى قورقۇپ كېتىپ چېگرا ئىچىدە روس ئەسكەرلىرىنىڭ ئوق ئاتقانلىقىنى يۇقىرىغا دوكلات قىلدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خىتاي ئەسكەرلىرى ۋە مەمۇرلىرى قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشتى. ھەربىي قوماندانلار ۋە مەمۇرى ئەمەلدارلار ئالدىراشلىق بىلەن ئائىلىلىرىنى ۋە باللىرىنى مەكتەپتىن توختۇتۇپ ئىچكى خىتايغا يۆتكەشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن خىتايلار بەس ـ بەس بىلەن قېچىشقا باشلىدى. قاتناش جىددىلىگى ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۈرۈمچىنىڭ 3 دوللارلىق ئاپتوۋۇز بېلىتىنى ۋىلسىپىت، كىرئالغۇ، ئۈن ئالغۇلارغا تېگىشكەن خىتايلار يۈتۈن ئائىلە بىساتىنى ئەرزان سېتىپ قاچتى. ھەربىلەرمۇ قوماندانلىرىنىڭ ئائىلىسىنى يۆتكىگەنلىگىنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال بالا ـ چاقىسىنى يولغا سالدى. ئۈرۈمچى پويىز ستانسىسى دۆمبىسىگە ئادرىس يېزىلغان 10 ياش ئەتراپىدىكى خىتاي باللىرىغا توشۇپ كەتتى. بۇھالنى كۆرگەن ئۈرۈمچىدىكى خىتايلارمۇ قېچىشقا باشلىدى. دۆلەت بانكىسى ئامانەت پۇل قايتۇرۇپ ئۈلگۈرەلمىدى. بۇرىتالا خەلقى بولسا ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ : « چېگرا خەلقىنى قوغدايمىز دەۋاتاتتىڭلار، باشقا كۈن كەلگەندە قارىماي قاچىدىكەنسىلەرغۇ ؟ » دەپ مازاق قىلدى. خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ ئۈرگۈن ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى جازالىغان بولسىمۇ ، ئۆزلىرىنىڭ پىسخىك قورقۇنچاقلىق ماھىيىتى ئاشكارىلانغان بۇ ۋەقەنى پەقەت ئۈنتۇپ قالالمىدى.

## قارغىلىقتىكى قانلىق نامايىش

1980 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قارغىلىق ناھىيىسىدە قاراقچىلىق قىلىپ

يۈرگەن خىتاي ئەسكەرلىرى مەھەللىلەرنى ئارىلاپ بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ 7 ياشلىق بالىسىنى ماشىنىدا دەسسەپ ئۆلتۈرىۋېتىپ قېچىپ كەتتى. خەلق قاتىلنى ئىزدەپ شىكايەت قىلسا ھۆكۈمەتنىڭ كارى بولمىدى. ئەكسىچە ئۆلگەن بالىنىڭ دادىسىغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئازغىنا پۇل بېرىپ ئىشنى جىم - جىت بېسىقتۇرىۋېتىشكە ئۇرۇندى . خورلۇق ۋە زۇلۇم دەستىدىن سەۋرى - تاقىتى تاشقان ، غەزەپلەنگەن خەلق بالىنىڭ جەسىدىنى كۆتۈرۈپ كوچىغا چىقتى. مەكتەپلەردە دەرس، ئىدارە- زاۋۇتلاردا ئىش توختىدى. بىرقانچە مىڭ مۇسۇلمان « قاتىل خىتاي ئەسكىرىنى جازالايمىز! » ، « جانغا- جان، قانغا - قان ئالىمىز ! » ، « خىتايلار يۇرتىمىزدىن چىقىپ كەتسۇن ! » دەپ شۇئار توۋلاپ، كوچىلارنى ئايلىنىپ، ھۆكۈمەت مەمۇرى بىناسىغا بېسىپ كىردى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى قاتىل ئەسكەرنى « ھەربى سوتقا تاپشۇردۇق » دەپ خەلقنى ئالداپ قاچۇرىۋەتتى. خەلق تېخىمۇ غەزەپلىنىپ ئۇچرىغان خىتاي ئەسكىرى، ساقچىسى، مەمۇرلىرىنى ئۇرۇپ قاغىلىقنى يېرىم كۈن ئىچىدە خىتايسىزلاشتۇرغان بولسىمۇ ، مىڭلىغان خىتاي ئەسكىرى قارغىلىققا باستۇرۇپ كىرىپ بىگۇنا خەلقنى تۇتقۇن قىلدى. ياش بالىلارنى سوتتا يالغان تۆھمەتلەر بىلەن قاماققا ئالدى. بۇ ۋەقە قارغىلىق خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئىنتىقام ئوتىنى ياقتى.

## ئۈرۈمچىدىكى جەسەت كۆتەرگەن نامايىش

1980 - يىلى 12 - ئايدا ئۈرۈمچىدە خىتايلار تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن كۇچىدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن مۇجاھىد يازغۇچى ئابلىمىت مەسئۇدىنىڭ قانلىق جەسىدىنى كۆتەرگەن ئۈرۈمچى توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىشچىلىرى شەھەر ئىچىگە كىردى. « جانغا - جان ، قانغا - قان ! » دەپ شۇئار توۋلىغان نامايىشچىلارغا شەھەردىكى ئاھالىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار قوشۇلۇپ، نەچچە مىڭ كىشىلىك ھەيۋەتلىك قوشۇن تەشكىللەندى . ئۇلار غەزەپ بىلەن شۇئار توۋلاپ ئاپتونوم رايونلۇق خىتاي

كوممۇنىستىك پارتىيىسى كومىتېتى بىناسىغا بېسىپ كەلدى ھەمدە ئۇيغۇرلارنى خورلاش ۋە بوزەك قىلىشلارنىڭ توختۇتۇلۇشى ھەققىدە كۈچلۈك تەلەپلەرنى تاپشۇردى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ نامايىشچى قېرىنداشلىرىنى قىزغىن قوللاپ ئالقىشلىغان خەلق «يوقالسۇن ئىستىبدات دىكتاتورلار!»، «خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كەتسۇن!» دەپ ئاشكارا شۇئار توۋلاشتى. نامايىشچىلار بىرقانچە ئاي ئىلگىرى بېيجىڭدە بەلگىلەنگەن ئاساسىي قانۇندىكى «نامايىش قىلىش ئەركىنلىكى» دىن پايدىلىنىپ قانۇنىي ھەرىكەت قىلغان ئىدى. ھۆكۈمەت خەلقنىڭ تەلەپلىرىنى يالغاندىن قوبۇل قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ مەككارلىق بىلەن كەيپىياتنى سۇسلاشتۇرۇپ، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ نامايىشچىلارنى تىنىچ تارقىتىۋېتىش كويىغا چۈشتى. قورقۇپ كەتكەن خەۋپسىزلىك تارماقلىرى ئامالسىز رازىۋېتكا قىلىش، ئوغۇرلۇقچە فىلىمگە ئېلىش، ئىسىملىك تىزىملاش بىلەنلا شوغۇللاندى. قاتىللارنى تۇتۇپ، جەسەتنى يەرلىكىگە قويۇپ، ئىشچىلارنى قاتتىق كونترول قىلىۋالغان شەھەرلىك ھۆكۈمەت ھەققانىي نامايىشنى ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھەرىكەت دەپ يېتەكچىلىرىنى جازالاش پەرمانىنى چىقاردى. كۆپ ئۆتمەي قولىدىكى رەسىم ۋە ئىسىم تىزىملىكى بويىچە ئۆچ ئېلىشلار باشلاندى.

## قەشقەردىكى جەسەت كۆتەرگەن نامايىش

1980 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەردە ھەددىدىن ئاشقان خىتايلار بىر ئۇيغۇر ياشنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتتى. چۈنكى خىتايلاردا «بىر ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرسەڭ، نەزىرى ئۈچۈن بىر تاغار گۈرۈچ، ياغ، سەۋزە بەرسەڭلا، ئاللانىڭ تەقدىرى دەپ غىڭ قىلمايدۇ» دەيدىغان مەسخىرە ئومۇمىيلىشىپ قالغان ئىدى. چۈنكى بەزى خىتاي غالچىلىرى ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەمدە خىتايلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن قول ئاستىدىكى خەلققە بېسىم ئىشلىتىپ شۇنداق پەتۋالارنى چىقارغان ئىدى. شۇ كۈنى ئۇيغۇر ياشنىڭ نامىزىنى

چۈشۈرۈشكە كەلگەن خەلق غەزەپلىنىپ جەسەتنى كۆتىرىپ نامايىشقا چىقتى. بىرقانچە سائەتتىن كېينلا نامايىشچىلار 30 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى ۋە خىتايلار قەتئى كونترول قىلالمايدىغان هالغا كەلدى. پۈتۈن قەشقەردە كۆرگەنلا يەردە خىتاي ئەسكەر ياكى مەمۇرلىرىنى ئۇرۇپ، ئۆلتۈرۈپ، ماشىنا، ئىدارە ئورگانلارنى بۇزۇپ، چىقىپ ئىنتىقام ئالىدىغان كەيپىيات يۈز بەردى. بىر هەپتىگىچە داۋام قىلغان بۇ خىل قىساس هەرىكىتى نەتىجىسىدە قەشقەردىكى خىتايلار ئاساسەن قىچىپ كەتتى. ئۆلگۈزمىگەنلىرى خىتاي ساقچى ، ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە قەشقەر پىداگوگكا ئىنستىتوتىغا قىچىپ كىرىۋىلىپ هەربى ئىستىهكام قۇرۇپ قورشاۋ ئىچىدە جان تالاشتى. بۇ جەرياندا خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ مەلۇماتى بويىچە 28 خىتاي ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلدى، 2 مىڭدەك خىتاي يارىلاندى. 2500 ئوتوموبىل پاچاقلاندى ، 500 ى كۆيۈپ كەتتى.

قەشقەر شەھىرى شۇ كۈنلەردە هەربى ئۇچاق، تانكا، زەمبىرەك بىلەن قۇراللانغان 200 مىڭ كىشىلىك خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قاتتىق مۇهاسىرىگە ئېلىنغان ئىدى. قەشقەرگە تۇيۇقسىز بېسىپ كىرگەن خىتاي ئەسكەرلىرى هەربى هالەت ئېلان قىلىپ نامايىشچىلارنى تارقىتىۋەتتى. يىتەكچىلەر دەپ هىساپلىغان 300 دەك ئۇيغۇرنى قولغا ئېلىپ سوتلاپ جازالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن مۇددەتكىچە خەلقتىن، ئۇيغۇر كادىرلاردىن ئۆچ ئالدى. هەرزامان قانلىق قىرغىن قىلىش تەييارلىقىدا تۇردى.

## قارغىلىق ياشلار قوزغۇلىڭى

1981 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قارغىلىقتا يوشۇرۇن تەشكىللەنگەن بىر نەچچە يۈز ياش تەييارلىق بىلەن ئىسلامى غازات ئېلان قىلىپ تەۋەسىدىكى خىتاي ئەسكەر ، ساقچىلىرىغا ئوت ئاچتى. ئەتراپتىكى يېزىلارنى ئازات قىلغان مۇجاهىدلار ناهىيىگە تەھدىت سالدى. خىتاي هۆكۈمىتىدىن مەسچىتلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى،

ئىسلامىيەتكە ئاربلاشماسلىقنى تەلەپ قىلدى. مۇكەممەل ھەربى تاكتىكىغا ، يىتەرلىك قۇرال ـ ئوقا ۋە ئەتراپلىق ياردەمگە ئىگە بولمىغان بۇ قارشىلىق خىتاي با سمىچىلىرى تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلدى ۋە ياشلار قىرغىن قىلىندى.

## پەيزىۋات قوزغۇلىڭى

1981 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى پەيزىۋات ناھىيىسىدە يوشۇرۇن تەشكىللەنگەن 200 دىن ئارتۇق غازاتچى ياش خىتايلارنىڭ ناھىيىلىك قۇراللىق ساقچى قىسمىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، نۇرغۇن قۇرال، ئوق ـ دورا غەنىمەت ئولجا ئالدى. غازاتچىلار ستىراتىگىيىلىك ئورمانلىق تاققا چىقىۋىلىپ خىتاي ئەسكەرلىرىنى زور چىقىمغا ئۇچراتتى. ھىچقانداق ئامال قىلالمىغان خىتايلار بىر قانچە ساتقىن موللىنى ئىشقا سىلىپ غازاتچىلارنىڭ قورشاۋنى يېرىپ چىقىپ كىتىشىگە يول قويۇش ئالدامچىلىقى بىلەن ئۇلارنى تاغدىن چۈشۈرۈپلا دەرھال تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىدى . تۈرمىدىكى دەھشەتلىك قىين ـ قىستاقلار ، ئېغىر ئازاپ ، ئوقۇبەتلەر نەتىجىسىدە بىرمۇنچە مۇجاھىت شېھىت بولدى. مەجروھ بولدى.

## يايلاق، سۇ تالىشىش ئۇرۇشلىرى

خىتايلار شەرقى تۈركىستاندا يەرلىك خەلقتىن تارتىۋالغان يەرلەرنى شەخسىلەرگە كۆتىرە بەرگەندىن كىيىن يايلاق ۋە سۇ يىتىشمەي جىدەل ـ ماجرالار كۆپەيدى. مۇنبەت يەرلەر ، سۇ مەنبەئەلىرى، دەريا بويلىرىغا يەرلىشىۋالغان خىتاي ئەسكەرلىرى، تېرىمچى ئەسكەرلەر ۋە پۇخرالىرى بارلىق يايلاق، سۇنى تىزگىنلىۋالدى. 1981 ـ يىلى مايغا قەدەر شەرقى تۈركىستاننىڭ 77 رايوندا ئارقا۔ ئارقىدىن يەرلىك خەلق بىلەن خىتاي تەرەپ ئارىسىدا سۇ تالىشىش ماجرالىرى ،

ياىلاق تالىشىش ئۇرۇشلىرى يۈزبەردى. دېھقانلار ھەممە يەردە كەتمەن، ئورغاقلىرىنى كۆتىرىپ چىقىپ سۇ تالىشىپ سوقۇشتى. ئىككى تەرەپتىن سانسىز ئادەم ئۆلدى ۋە ياردار بولدى. مەھكىمىگە كەلگەن داۋالاردا ھۆكۈمەت ئاشكارا ھالدا خىتايلارغا يان بېسىپ ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ھۆكۈم چىقاردى. نۇرغۇن بىگۇنا دېھقانلار تۈرمىلەرگە كىرىپ قالدى.

20 يىل ئىلگىرى خىتايدا ئاچ قالغان نۇرغۇن خىتايلار شەرقى تۈركىستانغا چىقىپ پانا تىلىگەن، دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇنبەت يەرلىرىنى ئۇلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن ئىدى . بۈگۈن شۇ خىتايلار دۆلەت ياردىمى ئارقىلىق زامانىۋى دېھقانچىلىق ئۈسكۈنىلىرى بىلەن قوراللىنىپ ، يەر بەرگەن دېھقانلارنىڭ سۇلىرىنى تىزگىنلىۋېلىپ ئۆزىگە ساتقىلى تۇردى. ئىلكتىر توكى ياساپ ساتقىلى تۇردى. توخسۇن، شىخو ، ماناس، ئاقسۇ ، ئۈرۈمچى، بۆرتالالاردا خىلى چوڭ ئۇرۇشلار مەيدانغا كەلدى. 1981 - يىلى 4 - ئايدا بۆرتالادىكى ئىشلەپچىقىرىش ئارمىيىسىنىڭ 5 - دېۋىزىيىسىنىڭ 4 - ئەترىتىدىكى ئۇيغۇرلارغا سۇ بېشىنى ئىگەللىۋالغان خىتايلار سۇ بەرمىدى. ئۇيغۇرلار قانۇنى داۋا قىلسا ئاقمىغاندىن كىيىن ، 200 گە يېقىن ئۇيغۇر قوراللىنىپ چىقىپ ئۇرۇشتى، خىتايلار ھەر تەرەپتىن قوراللىق قىسىملىرى بىلەن قورشاپ باستۇردى. ئۇيغۇر دېھقانلار ھاياتىنى پىدا قىلىپ جان تىكىپ كۆرەشكەن بولسىمۇ قانلىق باستۇرۇلدى. بەزى داۋالار ھەتتا بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ ئالدىغا قەدەر كەتكەن بولسىمۇ ، ئەسلى ياىلاق، سۇ، يەر ئىگىلىرى گۇناھكار بولۇپ، ساختا توختاملار خەلقنى ئالداپ، ۋاقت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنلا تۈزۈلىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇيغۇر دېھقانلىرى يەردىن، سۇدىن ئايرىلىپ نامراتلىششقا باشلىدى. بۇ ۋەقەلەردىن كيىن دېھقانلار ئۆز تەۋەسىدىكى يەر ۋە سۇنى جان تىكىپ قوغداش لازىملىقنى ھىس قىلدى ۋە ئەملى كۆرەشكە ئاتلاندى.

## خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشى

1983 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قارغىلىق ناھىيىسىنىڭ كۆكيار يېزىسىدىكى كۆزدە مەھەللىسىگە يەرلەشتۈرۈلگەن خىتاي دۆلەت مۇداپىئە ئەسكەرلىرى تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ بېقىۋاتقان كالا، قويلىرىنى ئوغرىلاپ، بىرقوتازنى ئېتىپ ئۆلتەردى. نەق مەيداندا قارشىلىق قىلغان بىر ئۇيغۇر ئىشچىنى ئېتىپ تاشلاپ ھەربىي بارگاھقا قېچىپ كىرىۋالدى. ئىشچىلار ۋە دېھقانلار غەزەپلىنىپ قوغلاپ كېلىپ قاتىلنى تەلەپ قىلغاندا، خىتايلار يەنە ئوق چىقىرىپ قارشىلىق قىلدى. نەتىجىدە پۈتۈن خەلق قوزغىلىپ، ھەربىي گازارمىنى قورشىۋېلىپ تەھدىت سالدى. قورقۇپ كەتكەن خىتايلار دەرھال ھەربىي سوت ئېچىپ قاتىلغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى. خەلق نەق مەيداندا ئىجرا قىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى. خىتاي ئەسكەرلىرى قاتىل ئەسكەرنى يوشۇرۇپ ئېلىپ قېچىپ، «ئۆزى تۈرمىدىن قېچىپ كېتىپتۇ» دەپ خەلقنى ئالدىدى. بۇ ناھەقچىلىقلاردىن قەھرى ـ غەزىپىنى باسالمىغان خەلق بىر ھەپتىگىچە كوچىلارغا چىقىپ ھەم نامايىش قىلدى، ھەم ئۇچرىغان خىتاي ئەسكىرى، مەمۇرىنى ئۇرۇپ يۇرتىدىن قوغلىدى. بىر نەچچە ئايغىچە خىتاي ئەسكەرلىرى ۋە مەمۇرلىرى كوچىغىمۇ چىقالمىدى. ۋەقە كېڭىيىپ قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىگىچە داۋام قىلدى. خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىنىڭ ئۆتمەي ئەدلىيە تارماقلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەلقنى قانلىق تۇتقۇن قىلدى. نۇرغۇن كىشىلەر تۈرمىلەرگە سولاندى.

## قەشقەردىكى ياش ئۇچقۇنلار

1983 ـ يىلىغا كەلگەندە قەشقەر رايونى نوپۇس ئۈستۈنلىكى بىلەن خىتايلار كونترول قىلالمايدىغان ھالغا كەلگەن ئىدى. خىتاي ئەسكەرلىرى ياكى ئەمەلدارلىرى كېچىسى كوچىغا چىقالمايتتى. كۈندۈزى چىققان ھەرقانداق ماجرادا ئۇيغۇرلار غەلىبە قىلاتتى. بۇ مەزگىلدە قەشقەر «ياش ئۇچقۇنلار» تەشكىلاتى ئاشكارا پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى. مەسچىت ۋە جامائەت سورۇنلىرىدا نوتۇق سۆزلەش، ئاشكارا تەشۋىق ۋارىقى تارقىتىش، مەخپىي خەت يېزىش شەكىللىرى

ئارقىلىق بۇ تەشكىلات خەلققە مەدەنى مائارىپنى چىڭ تۇتۇش، قانۇنى ھەقلىرىنى قوغداش، ئىسلامىيەتنى ھۆكۈمران قىلىش، جاھادقا ھازىرلىنىش تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى. پۈتۈن كىشىلەرگە ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىشنى چاقىرىقىنى چىقاردى. « خىتايلار شەرقى تۈركىستاندىن چىقىپ كەتسۇن ! » دىگەن شۇئارلار كوچا، مەكتەپ تاملىرىغا ھەركۈنى چاپلاندى. جەڭگىۋار شىئىرلار يېزىلدى. مۇسۇلمان باللارنى مەجبۇرى خىتايچە ئوقۇتۇشقا قارشى تۇرۇش تەربىيىسى قىلىندى.

خىتايلار قەشقەرگە ئەسكەرلىرىنى ۋە جاسۇسلىرىنى تولدۇرىۋەتتى. جىددى تەدبىر ئېلىپ « ياش ئۇچقۇنلار » نى ئاشكارا قولغائالدى. يوشۇرۇن تەشكىلاتلارنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئالدى.

## ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇغۇچىلار نامايىشى

1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھرىدىكى بارلىق ئۇيغۇر ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەخپى تەشكىللىنىپ كوچىغا نامايىشقا چىقتى. بىرلا ۋاقىتتا قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، بۆرتالا قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ قوشۇلۇپ نامايىشچىلار قوشۇنى 15 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلار بىر ھەپتىگىچە دەرس تاشلاپ، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرىدە ئاچ قورساق ھالدا، كوچىلارنى ئايلىنىپ ئۈنلۈك شۇئار توۋلىدى. نامايىشنىڭ سياسى پىروگراممىسى : دېموگراتىك سايلامنى قولغا كەلتۈرۈش، مىللى تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ھەقىقى ئىجرا قىلىش، ئاتوم يادرو سىنىقى ئېلىپ بېرىشنى دەرھال توختۇتۇش، ئىچكى خىتايدىن كۆچمەن كۆچۈرۈشنى توختۇتۇش، مۇسۇلمانلارغا يۈرگۈزۈلگەن پىلانلىق تۇغۇت سياستىنى دەرھال توختۇتۇش، مىللى مائارىپنى ھەقىقى رىۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق مەزمۇنلاردا بولۇپ، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدىكى كونكرىت ئارزۇ- تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدى.

نامايىشتىن كېيىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئاتوم سىناق قىلىش، كۆچمەن كۆچۈرۈش، پىلانلىق تۇغۇت سىياسەتلىرىنىڭ ئىجراسىنى ۋاقتىنچە توختۇتۇشقا، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن ئىككى تەرەپلىمە سۆلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمى ئويۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ، تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى. پەرزەنتلىرىنىڭ ئىز بېسىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى، مىللەتنىڭ غېمىنى يېيىشكە باشلىغانلىقىنى ۋە قورقماس، پىداكارلىقىنى كۆرگەن خەلق پۈتۈن كۈچ ۋە ئىمكانى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى قوللاپ قۇۋەتلىدى.

نامايىشتىن كېيىن خىتاي دائىرىلىرى مەكتەپتىن ھايداش، دىپلوم بەرمەسلىك، خىزمەتكە تەقسىم قىلماسلىق، چەت يېزىلارغا سۈرگۈن قىلىش قاتارلىق ۋاستىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆچىنى ئالدى ۋە داۋاملىق نازارەت قىلدى.

## ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر مىنوپ ۋەقەسى

بۇ يىللاردا خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ھەربى ، ھۆكۈمەت ۋە پارتىيە ئورگانلىرىدىكى يەرلىك خەلق ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىدىن گۇمانلىنىپ بىرىنچى ھوقوقتىن يىراقلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. بولۇپمۇ ئىقتىسادى ھوقوق تۇتۇپ تۇرغانلارنى « دۆڭگە يىقىتىش » تاكتىكىسى بىلەن پارتىيە ھوقوقىغا يۆتكىدى، پارتىيە ھوقوقىدىكىلەرنى ئىجتىمائى تەشكىلاتلارغا يۆتكىدى، ئەڭ يىراقتىكى يېزىلارغا قەدەر خىتاي سېكرىتار ئېۋەتىلدى. غەزەپلەنگەن خەلق «ئەمدى مەسچىتلىرىمىزگىمۇ سېكرىتار بەلگىلەش قالدى » دەپ مەسخىرە قىلدى. كۆپ ئادەم ئىشلەيدىغان، كۆپ ئىقتىسادى كىرىم قىلىدىغان زاۋۇت، فابرىكا، كان، مەيدانلار مەھسۇلاتىنى كۆتىرە بېرىش يولى بىلەن خىتايلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. پەقەت ئامال قىلالمىغانلىرىغا سۈيىقەست پىلانلىدى.

1986 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەتىگەندە شەرقى تۈركىستاندىكى سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىكى بىناسى ئالدىدا، بۇ مىنىستىرلىكنىڭ بىرىنچى باشلىقى ئۇيغۇر

مىنوپىنىڭ مەخسۇس ئاپتوموبىلى پارتلىدى. ئاپتوموبىلنىڭ ئىشىگى ئېچىلىشى بىلەنلا دەھشەتلىك پارتلاش يۈز بېرىپ، ئۇيغۇر مىنوپىنىڭ قىزى، ئاتاغلىق كىنو ئارتىسى شاتگۈل ئۇيغۇر نەق مەيداندا ئۆلدى. ئۆيدىن كېچىكىپ چىققان ئۇيغۇر مىنوپ ھايات قالدى. بۇ قاتىللىق ۋەقەسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلماقچى بولغان يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى ۋە نۇرغۇن ئادۋۇكاتلار نەتىجىسىز جىمىقتۇرىۋېتىلدى. سۈيىقەستىنىڭ خېلى چوڭ يەردىن، يۇقىرى تېخنىكا بىلەن، تەشكىللىك پىلانلانغانلىقى ، يەرلىك خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن شەرقى تۈركىستاننىڭ سۇ ئىشلىرىنى ئادىللىق بىلەن باشقۇرىۋاتقان ئۇيغۇر ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈپ، ھوقۇقىنى ئۆتكۈزىۋېلىش مەقسىتىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى خەلققە ئايان بولدى.

## ئۈرۈمچىدىكى مىللى غورۇر نامايىشى

1988 - يىلى 6 - ئاينىڭ بېشىدا، ئۈرۈمچىدىكى شەرقى تۈركىستان ئۈنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىنىڭ ھاجەتخانە ئىشىگىگە خىتاي ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن : « ئۇيغۇرلار ئاخماق سەللە باشلار، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرىنى قۇل قىلىپ، قىزلىرىنى جالاپ قىلىۋېتەيلى » دېگەن ئاشكارا شوئار چاپلاندى. ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يېزىلسا مىنوت كېچىكتۈرمەي سۈرۈشتۈرۈپ، ئايلاپ تەكشۈرۈپ نۇرغۇن ئۇيغۇرنى گۇمان بىلەن تۇتۇپ سولاپ بولىدىغان ھۆكۈمەت ۋە مەكتەپ رەھبەرلىكى بۇ ئىشنى جىملا بېسىقتۇرىۋېتىشكە ئورۇنۇپ، سۈرۈشتۈرگەنلەرنى قورقۇتتى.

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 5 مىڭدىن ئارتۇق كىشى شەرقى تۈركىستان ئۈنىۋېرسىتېتىدا «مىللى كەمسىتىشكە نارازىلىق بىلدۈرۈش يىغىنى » ئاچتى. ئوقۇغۇچىلار ئىككى كۈنگىچە دەرس تاشلاپ كوچىلارغا چىقىپ نارازىلىق نامايىشى قىلدى. ئوقۇغۇچىلار مىللى باراۋەرلىك شوئارلىرىنى توۋلاپ، مىللى كەمسىتىش، تەڭسىزلىك، ناھەقچىلىك قىلمىشلىرىنى

پاش قىلدى.

بۇ قېتىمقى نامايىشتىن كېيىن، بارغانسىرى ئۆلغىيىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ، ياشلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، شەرقى تۈركىستاندا 400 شتاتلىق مەخسۇس دىكتاتورا ئورگىنى قۇرۇلدى. ساقچى دائىرىلىرىمۇ ئالىي مەكتەپلەرنى نازارەت قىلىدىغان مەخسۇس باشقارمىلارنى قۇردى. ئەڭ قەبىھ ئىش شۇ بولدىكى، پۈتۈن ئالىي مەكتەپلەردەناھىيە دەرىجىلىك ھوقوقلىق ئىگە ساقچى باشقارمىسى قۇرۇلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىش، گۇمانلىق ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلارنى تەقىپ قىلىش، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن جاسۇس تەربىيەلەش، ۋەقە يۈزبەرگەن ھامان دەرھال باستۇرۇش ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالغان بۇ ساقچى ئىدارىلىرى مەكتەپلەرنىڭمۇ دىكتاتورا ئورگانلىرىغا ئايلانغانلىقىنى ئىچىپ بەردى. ئوقۇغۇچىلار بولسا: « ئەمدى ھەر بىر ئائىلىگە ، ياتاقلارغا بىردىن ساقچى تۈرغۈزۈشلا قالدى » دەپ مەسخىرە قىلدى.

## ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا سوزۇلغان نامايىش

1989 - يىلى 4 - ، 5 - ئايلاردا بېيجىڭدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئۈركەش باشچىلىقىدا خىتاي ياشلىرىنىڭ دېموكراتىيە تەلەپ قىلىش نامايىشى كۆرىشى باشلاندى. خەلقتىن مەدەت ئالغان ئوقۇغۇچىلار ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھازىرلىقىنى قىلىۋاتقاندا ، تۇيۇقسىز قانلىق باستۇرۇلدى. بۇ ھەرىكەتكە بېيجىڭ، شاڭخەي، نەنجىڭ، لەنجۇ قاتارلىق خىتاي شەھەرلىرىدە ئوقۇۋاتقان 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ قاتناشتى.

پەيتنى چىڭ تۇتقان شەرقى تۈركىستاندىكى يەرلىك ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۈرۈمچىدە « ئالىي مەكتەپلەردە ھەرىكەت قىلىش ھەيئىتى » قۇرۇپ بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەپ، نامايىشقا چىقتى. ئۇلار : ئالىي مەكتەپلەرنى قوراللىق ئىدارە قىلىشقا، مەجبۇرى تۇغۇت چەكلىمىسىگە، يالغان ئاپتونومىيىگە قارشى

شۇئارلارنى توۋلاپ، « مىللى پارلامېنت قۇرۇش » تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەپتىگىچە داۋاملاشقان نامايىشقا پۈتۈن خەلق قوشۇلۇپ ھۆكۈمەتنى قانلىق باستۇرغانغا قەدەر پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا : « كوممۇنىستلاردىن ھېساپ ئالايلى! » ، « 40 مىليون كوممۇنىستنى دارغا ئاسايلى ! » دېگەن شۇئارلار ياڭرىدى. بۇ نامايىشلار داۋامىدا شەرقى تۈركىستاندىكى خىتايلار كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش ھازىرلىقىدا كۆرەش قىلغان بولسا، مۇسۇلمان ياشلار ۋە خەلق مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىدىيىۋى ھازىرلىقىدا كۆرەشنى قانات يايدۇردى.

بېيجىڭدا باستۇرۇلغان ھەرىكەت شەرقى تۈركىستانغىمۇ قانلىق دىكتاتورا ئېلىپ كەلدى. نامايىش قاتناشچىلىرى تەقىپ قىلىندى. يېتەكچىلىرى مەكتەپلەردىن قوغلاندى. قولغا ئېلىندى. خىزمەتكە تەقسىم قىلىنمىدى.

## ئۈرۈمچىدىكى مۇسۇلمان ياشلار نامايىشى

1989 - يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئىسلام نامايىشى پارتلىدى. ئۈرۈمچى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار خىتايلار يېزىپ تارقاتقان « جىنسىيەت ۋە ئەنئەنە » ناملىق قۇرئانى كەرىمگە ھاقارەت كەلتۈرگەن كىتاپقا قارشى ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا نارازىلىق نامايىشى قىلدى. ئەتىسى پۈتۈن ئۈرۈمچى ئاھالىسى قوشۇلۇپ نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ سانى كۆپىيىپ 10 مىڭدىن ئېشىپ

كەتتى.

«لائىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلىللاھ» يېزىلغان يېشىل بايراقلار لەپىلدىدى. «ياشىسۇن ئىسلام، ئەگۈشتىرىمىز قۇرئانى كەرىم، بىسمىللاھ، غازات!» دېگەن خەتلەر يېزىلغان لوزۇنكىلار شەھەر كوچىلىرىنى قاپلىدى. «ئىسلام ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!»، «ئاللاھ يولىدا ئالغا!»، «يوقالسۇن ئىسلام دۈشمەنلىرى!»، «مۇبارەك دىنىمىزنى جان تىكىپ قوغدايمىز!» دېگەن شۇئارلار ئاسمان، زېمىننى تىترەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ غەزىۋىدىن قورقۇپ كەتكەن خىتايلار شەھەر كوچىلىرىنى بوشۇتۇپ قېچىپ كەتتى. نامايىشچى خەلق ھۆكۈمەت مەيدانىغا توپلىنىپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنى جاۋاپ بېرىشكە قىستىدى. ھېچكىم جاۋاپ بەرمىگەندىن كېيىن، قەھرى تاشقان مۇسۇلمان مۇجاھىدلار خەلق قۇرۇلتىيى، كوممۇنىستىك پارتىيە كومىتېتى مەركىزى بىنالىرىغا باستۇرۇپ كىردى ۋە ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرنى ئۇرۇپ چېقىۋەتتى. نامايىشچىلارنى ئۇرغان ۋە بىگۇناھ خەلقنى تۇتماقچى بولغان قاتىل ساقچىلارنى تۇتۇپ كىتىپ سوراق قىلدى، سوتلىدى، سولاپ قويدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە خىتايلار ئۇرغۇن ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ ئۇرۇمچى شەھرىنى قورشىدى. خەلق مەيدانىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ نامايىشچىلارنى تۇتقۇن قىلدى. ھەتتا مەيداندا كىتىۋاتقان ئون بىر ۋە ئون تۆت ياشلىق ئىككى ئۇيغۇر قىزىنى تۇتۇپ قاتتىق ئۇرۇپ، ئازاپلاپ ئارقىسىدىن ئەسكەرلەرنى ھاقارەتلىگەن دەپ 3 يىللىق قاماققا ئالدى. كېچىچە مەسچىتلەرنى، ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ موللا ـ تالىپلارنى، ياشلارنى قولغا ئالدى. ئۇردى، سولىدى.

## مەدەنىيەت سېپىدىكى مىللىي تىركىشىشلەر

1980 ـ يىللاردىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مەدەنىي ـ مائارىپ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، گېزىت ـ ژورنال ئىشلىرى ناھايىتى جانلىنىپ كەتتى.

كومموٴنستلار تاجاۋۇزچىلىق ماھىيىتىنى يوشۇرغانىسرى ۋە يالغان مىللەتلەر ئىتتىپاقى شوٴئارىنى كوٴچەيتكەنسىرى ، شەرقى توٴركىستان ئوقۇتقۇچىلىرى، يازغۇچى ـ شائىرلىرى، تارىخچى ـ تەتقىقاتچىلىرى مىللى باراۋەرلىك، مىللى ئويغۇنۇش، مىللى ئىستىقبال مەزمۇنىدىكى تەشۋىقاتىنى كوٴچەيتتى. مىللى تىل، مىللى مەدەنىيەت، مىللى تارىخ، مىللى مەنپەئەتنى قوغداش كوٴرىشى ئەۋج ئالدى. يوشۇرۇن كىتاپ، شىئىر، تەھدىت مەكتۇبى يېزىپ تارقىتىلدى. يوٴزلىگەن تارىخى ماتېرىئاللار، رومان ـ پوۋېستلار، شېئىرلار يېزىلدى ۋە نەشر قىلىندى. « قۇرئانى كەرىمنىڭ تەرجىمىسى » ، «مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمھالى » ، « ئەۋلىيالار قىسسى » قاتارلىق يوٴزلىگەن ئىسلام كىتاپلىرى تارقىتىلدى. ئىسلامىيەت ۋە مىللى مەدەنىيەت ئارقىلىق خىتايلارنىڭ مەدەنىيەت باسقىنىغا تاقابىل تۇرۇش شۇئارى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1990 ـ يىللارغا كەلگەندە ، خىتاي كومموٴنىستلىرى بۇ ساھەلەردىمۇ خەلققە قارشى قانلىق باستۇروشلىرىنى باشلىدى. يازغۇچى ئابلىمىت مەسئۇدىنى، غازى يازار تۇردى سامساقنى سۇيىقەست بىلەن ئوٴلتوٴردى. يازار ھاجى قۇمارنى توٴرمىگە سولىدى. تارىخشوناس، يازار توٴرغۇن ئالماسنى دوٴلەت دەرىجىلىك يىغىن ئېچىپ كوٴرەش قىلدى ۋە تەقىپ ئاستىغا ئالدى. ئارخېئولوگ، قەدىمى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى قۇربان ۋەلىنى، پىروفېسسور، ئەدەبىياتچى تۇرسۇن قۇربانىنى ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، ياشلار نەشرىياتى، خەلق نەشرىياتى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى قاتارلىقلارنىڭ باشلىقلىرىنى خىزمەت ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. بىرمۇنچە يازارلارنىڭ، ئالىملارنىڭ مەتبۇئات ھوقوقىنى يوشۇرۇنچە مەنئي قىلدى. نەشرىيات، گېزىت، ژورناللارنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئالدى. مەسئوللارنى ۋە يازارلارنى دىكتاتورا ئورگانلىرى چاقىرتىپ يوشۇرۇن تەھدىت سالدى ۋە قارا تىزىملىك توٴرغۇزۇپ نازارەت قىلىپ توٴردى.

## 4 ـ قىساس ـ ئىنتىقام باسقۇچى ( 1990 ـ )

شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ دېموگراتىك كۈرەشلىرى نەتىجىسىز قالدى. خىتايلار بارغانسىرى غالجىرلىشىپ، قانلىق قىرغىنچىلىقىنى داۋام قىلدى ۋە ئاشكارا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ « شەرقى تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى » قاتارلىق سىياسى پارتىيە، تەشكىلاتلارنىڭ نامىنى ئۇچۇق جاكالاپ تۇرۇپ « مىللى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ھەرزامان، ھەر يەردە قاتتىق باستۇرىدىغانلىقى » نى ئېلان قىلدى. دىموگراتىك كۈرەشلەردىن ئاخىرقى مەقسەتكە ئېرىشەلمىگەن خەلق قانلىق قىساس يولىنى تاللىدى. « ھاقارەتلىك ھاياتتىن شەرەپلىك ئۆلۈم ئەلا » دىگەن شۇئار شەرقى تۈركىستان ياشلىرىنىڭ قەلبىگە نەقىشتەك ئويۇلدى. چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم دەستىدىن چىدىغۇچىلىقى قالمىغان خەلق ، گەرچە بەزى يوشۇرۇن پارتىيە، تەشكىلاتلار تەشەببۇس قىلمىسىمۇ، « قىساسچى ئەترەت » لەر تەشكىللەپ ياكى ئۆز ئالدىغا قىساس ـ ئىنتىقام ـ ئۆچ ئېلىش ھەرىكەتلىرىنى باشلىۋەتتى.

قەشقەر بارىن ئازاتلىق ئۇرۇشى

1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شەرقى تۈركىستان قەشقەرنىڭ بارىن يېزىسىدىكى دېھقانلار شەرقى تۈركىستان پارتىيىسىنىڭ بارىن شۆبىسىنىڭ قۇرغۇچىسى زەينىدىن يۈسۈپ باشچىلىقىدا ئۇزاق مۇددەت تەييارلىق كۆرۈپ، ھەربى تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىپ كۆلىمى بىر قەدەر زور بولغان قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. قوزغىلاڭچىلار قۇرال ، بومبا ياساپ، ھەربى ئات سېتىۋېلىپ، باشقا ۋىلايەتلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، شۇ كۈنى 10 مىڭدەك ئادەم بىردەك ھەرىكەتلىنىپ قولىدا مىلتىق، بومبا، كەتمەن، ئورغاق پىچاقلارنى كۆتىرىپ ھۆكۈمەت ئىدارىسىنى بېسىۋالدى. خىتاي ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. تۆرت كېچە ـ كۈندۈزگىچە شىددەتلىك جەڭ داۋام قىلدى. قوزغىلاڭنىڭ بىرىنچى كۈنى خىتاي مەركەز تىلىۋىزىيە ئىستانسىسى « ئەسكەرلىرىمىز قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوت كۈچىنى توسيالمىدى » دەپ ئېتىراپ قىلىپ خەۋەر بەردى. ئەتىسى ئەتىگەندە بېيجىڭدا پەۋقۇلئاددە قوماندانلىق شىتابى قۇرۇلدى. ئۇچاق، تانكا، زەمبىرەك قاتارلىق زامانىۋى قۇراللار بىلەن قۇراللانغان نەچچە يۈزمىڭ خىتاي قوشۇنىغا خىتاينىڭ ئالى رەھبەرلىرىدىن لى پىڭ، جاڭ زېمىن، ھەربى كومىتېت باشلىقى لىيۇخۇاچىڭلار قوماندانلىق قىلدى. 5 نەپەر گېنىرال نەق مەيداندا باشچىلىق قىلدى. ئىككى ئايغا يېقىن داۋام قىلغان ئۇرۇشتا 200 گە يېقىن مۇجاھىد شېھىت بولدى. نۇرغۇن خىتاي ئەسكەرلىرى يەر چىشلىدى. ئەۋەل پىچاقلانغان، بوغۇزلانغان، ئېتىۋېتىلگەن خىتايلارنى كۆرۈپ غالجىرلاشقان خىتاي ئەسكەرلىرى ئۇيغۇر يېزىلىرىنى چەمبەرچەس قورشاپ، بىگۇنا خەلقنى ئوق يامغۇرىغا تۇتتى. ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان ئاياللار ۋە باللارنىمۇ ئېتىپ تاشلىدى. نەق مەيداننى كۆرگەن مۇخبىرلار بۆشۈكتىكى بىر بوۋاققا 3 پاي، بۆشۈككە 7 پاي ئوق تەككەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ يازدى. نۇرغۇن قەھرىمان مۇجاھىد ياشلار دۈشمەن قولىغا ئەسىر چۈشتى. خىتاي دائىرىلىرى 3 مۇجاھىدنى ئېتىپ تاشلىدى ۋە نۇرغۇنلىرىغا مۇددەتسىز قاماق ھۆكۈم قىلدى. « خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنى

ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش » تىن ئىبارەت سىياسى پىروگراممىسنى ئوچۇق جاكارلاپ جەڭگە كىرگەن، ئاي يولتۇزلۇق كۆك بايراق كۆتەرگەن مۇجاھىدلارنىڭ قەھرىمانلىقى شەرقى تۈركىستان خەلقىگە زور مەدەت بولدى. قانلىق باشتۇرۇشلار نەتىجىسىدە 2000 دىن ئارتۇق كىشى قولغا ئېلىندى، 200 گە يېقىن مۇجاھىد ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ شېھىت بولدى.

## قورغاستىكى قاتىل تۈتۈش قوزغۇلۇشى

1990 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىكى قورغاس ناھىيىسىنىڭ بازىرىدا ئون نەچچە نەپەر ئاققۇن خىتاي بىر ئۇيغۇر ياشنى قەستەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتتى. ئەتىسى سەھەردە بازاردىكى ياشلار توپلۇشۇپ، قاتىلنى ئىزدىدى. چۈشكە يېقىن ياشلار پۈتۈن ناھىيە بازىرىنى ئىگەللەپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قاتىل خىتايلارنى يوشۇرۇپ قاچۇرىۋەتكەنلىگىنى ئاڭلىغان خەلق توپى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. كىشىلەر كوچىلاردا : « قاتىل خىتايغا ئۆلۈم! » ، « خىتاي ئاققۇنلىرى شەرقى تۈركىستاندىن چىقىپ كەتسۇن ! » ، « مىللى مۇستەقىللىق بولمىغىچە زۇلۇم تۈگىمەيدۇ ! » دەپ شۇئار توۋلاپ، تاڭ ئاتقىچە ناھىيەنى ئىگەللەپ ئۆز كونتروللىقىغائالدى. ناھىيىدە بىرمۇ خىتاي قالمىدى. بۇ جەرياندا مىڭغا يېقىن خىتاي تاياق يىدى، 200 دەك خىتاي مەمۇرلىرى ئېغىر ياردار بولدى. تاشيول بويىدا 2 مىڭغا يېقىن ئاپتوموبىل مۇسادىرە قىلىندى ياكى چېقىپ تاشلاندى. ناھىيىدىكى خىتايلار قورغاس چېگرىسىدىكى 71 ـ پولىك ئارمىيە شتابىغا قېچىپ كىرىپ، ئەسكەر ، ساقچى ۋە پۇخرالىرى تولۇق قۇراللىنىپ كىچىچە ئۇخلىماي مۇداپىئەدە تۇردى. ئەتىسى ئۇلار ناھىيىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، ناھىيەنى ئىگەللەپ ئالغان قوزغۇلاڭچىلار ئۆزلىگىدىن تارقىلىپ كەتتى. ئۈچ كۈن داۋاملاشقان ئاختۇرۇش داۋامىدا 200 گە يېقىن ئۇيغۇر ياش قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە دەھشەتلىك سوراق قىلىندى.

## بەش مۇجاھىدنىڭ مۇجادىلىسى

1992 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خىتايلارنىڭ ئەنئەنىۋى چاغان بايرىمىنىڭ ھارپىسى ئىدى. خىتايلار بۇ بايرامنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن دۆلەت بويىچە تەييارلىق ۋە تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ تەدبىرلەرنى ئالغان ئىدى. شۇ كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئىسلاھاتچىلار پارتىيىسى» نىڭ ئەزالىرى ئۈرۈمچىدىكى خىتايلار زىچ توپلاشقان رايونلاردا ئارقا - ئارقىدىن ئىككى ئاپتوۋۇزنى پارتلىتىۋېتىپ، نۇرغۇن خىتايلارنى ئۆلتۈرۈپ ۋە يارىدار قىلىپ، ئۈرۈمچىدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قارغىلىق ناھىيىسىنىڭ مازار رايونىدا چەتئەل چېگرىسىغا قاراپ چېكىنگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئىسلاھلاتچىلار پارتىيىسى» نىڭ قوراللىق مۇجاھىدلىرى بىلەن خىتاي ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتى. خىتاي ئەسكەرلىرى ھەربىي ئۇچاقلىرى بىلەن شىددەتلىك بومباردىمان قىلىپ، زەمبىرەكلىرى بىلەن توپقا تۇتۇپ، ئۈچ نەپەر مۇجاھىدنى شېھىت قىلدى، يارىدار بولغان بىر مۇنچە مۇجاھىدنى تۇتۇپ كەتتى.

1995 - يىلى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى خىتاي دائىرىلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئوچۇق سوت ئېچىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئىسلاھاتچىلار پارتىيىسى» نىڭ ئاساسلىق يېتەكچىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ھۆكۈم ئېلان قىلدى. ئابلىمىت تالىپ، ئىدرىسخان ئۆمەر، مەمەتئىمىن سېيىت، خېلىل ئالتۇن، ئابدۇللا مەمەت قاتارلىق بەش نەپەر قوزغۇچى يېتەكچىلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ خەلق ئالدىدا ئاشكارا ئېتىپ دەرھال ئىجرا قىلدى.

## قانلىق قىساس ۋە غالجىرانە باستۇرۇشلار

1990 ـ يىللاردىن كېيىن ئەركىن دۇنياغا ئاۋازىنى ئاڭلىتىش، خىتايلارنىڭ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقىدىن ئىنتىقام ئېلىش ۋە خەلققە ئۈيغۇنۇش سىگنالى بېرىش مەقسەتلىرىدە قۇرۇلغان مەخپى تەشكىلاتلار ھەمدە قىساسچى ئەترەتلەر تۇغۇن قېتىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئۇچ ئېلىش ـ پارتلىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

1992 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق كۇچار ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە چوڭ پارتلاش يۈز بەردى. كىم تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغانلىقى ۋە قانچىلىك زىيان كەلتۈرگەنلىكى مەلۇم ئەمەس .

1992 ـ يىلى 7 ـ ئاي

قەشقەر ، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىن قولغا ئېلىنغان 500 دىن ئارتۇق مەخپى تەشكىلات ئەزالىرى ـ ئۇيغۇر ياشلار يوشۇرۇنلۇقچە ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىلەرگە يۆتكەپ كېلىنىپ، سوراق قىلىنىشقا باشلىدى.

1992 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

بىلىنمىگەن مەخپى تەشكىلات ئەزالىرى قومۇل رايونىدا ئىچكى خىتايغا قاتنايدىغان تۆمۈر يول لىنىيىسىنى پارتلىتىۋەتتى. بىر نەچچە ھەپتىگىچە قاتناش توختاپ قىلىشقا سەۋەپ بولدى.

1993 ـ يىلى 2 ـ ئاي

گۇما ناھىيىسىدىكى خىتاي ھەربى قىسىملىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئۇيغۇر ئەسكەر جۇمە نامىزىغا بارغانلىقى ئۈچۈن خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قاتتىق مەسخىرە قىلىنىپ ئۇرۇلدى. ئۇزىنىڭ ئىنسانى ھەققىنى ۋە نامۇسىنى قوغدىغان ئەسكەر خىتاي

ئەسكەرلىرىگە قۇراللىق قارشىلىق كۆرسىتىپ ئوق چىقاردى. ئەمما خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە ئېتىپ تاشلاندى.

1993 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

قەشقەر شەھىرىدىكى بوستان مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا دەھشەتلىك بىر بومبا پارتلىدى. قاتىلنى تاپالمىغان خىتاي ساقچىلىرى نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرىنى گۇمان بىلەن قولغا ئېلىپ تۇتۇپ كەتتى.

1993 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن ئابدۇلھەكىم مەخسۇمنىڭ تالىپلىرى نامىدا بىر كۈن ئىچىدە 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشلىرى تۇتۇلدى. ئۇلار ھەرقايسى جايلاردىكى تۈرمىلەرگە قامالدى.

1993 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى يېزا ئىگىلىك باشقارمىسى بىناسى نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن پارتلىتىۋېتىلدى.

1993 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

قەشقەر شەھىرىدە ئالىمجان باشلىق 5 نەپەر ئۇيغۇر يىگىتى خىتايلارنىڭ قەشقەردىكى ئەدلىيە باشقارمىسىغا كىرىپ تاپانچا ۋە ئوق ئوغرىلاپ چىقىپ خىتايلارنىڭ 5 نەپەر دەم ئېلىشقا چىققان قېرى ئوفىتسېرلىرىنى ئېتىپ تاشلاپ قولغا ئېلىندى ۋە ئالىمجان شۇ كۈنى شېھىت بولدى.

1993 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ... كۈنى

خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى ئالدىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان خىتايلار

نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان پارتلاشقا دۇچ كەلدى.

1993 - يىلى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

قومۇلنىڭ مەلۇم قىساسچى ئەتىرىدى يەنە تۆمۈر يولنى پارتلىتىۋەتتى .

1993 - يىلى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى

تۇرپان شەھەر ئىچىدە ماگىزىننىڭ ئالدىدىكى ۋېلسىپىتلەر پارتلىتىۋېتىلدى.

1993 - يىلى 12 - ئاينىڭ ... كۈنلىرى

كورلىدا *خىتاي* ھۆكۈمەت *تارماقلىرى خەلقنىڭ* ئېكىسپورت نەشپۈتلىرىنى سېتىۋېلىپ قامال قىلىۋېلىپ، پۈتۈن باغلار كونترول قىلىنىپ تاشقى سودا ئىدارىسىدىن باشقا يەرگە نەشپۈت سېتىش چەكلەندى. تاشقى سودا ئىدارىسى قىشقا قەدەر كىلىپ سېتىۋالمىدى. نەتىجىدە كۆپ زىيان بولدى. غەزەپلەنگەن باغۋەنلەر بارلىق نەشپۈت دەرەخلىرىنى كېسىۋېتىپ ، خىتايلارغا نارازىلىقىنى بىلدۈردى.

1994 - يىلى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

ئۈرۈمچى لىيۇداۋان تۈرمىسىنىڭ ئەسكەرلىرى تۈرمە 1 - كورپۇس 7 - كامىردىكى ئوبۇلقاسىم قاتارلىق 4 نەپەر مۇجاھىدنى ئىسيان قىلدى دېگەن باھانە بىلەن ئاپتوماتلىق ئوق يامغۇرىغا تۇتۇپ ئۆلتۈرىۋېتىپ كامىر تاملىرىنى قىپ - قىزىل قانغا بويىدى. تۈرمىدىكى مەھبۇسلار ھەممىسى كۆردى.

1994 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

يېرىم كېچىدە ئاقسۇ شەھىرىدە ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمە بىناسى، توقسۇ ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسى، ئۈچ ئۆستەڭ كۆۋرۈكى قاتارلىق ئۈچ جاي بىرلا ۋاقىتتا دەھشەتلىك پارتلىدى. ئاقسۇ بانكا بىناسىغا قويۇلغان بومبا پارتلىماي

قالدى. ھۆكۈمەت 1084 نەپەر ئۇيغۇر ياشنى قولغا ئالدى.

1994 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى
توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تۈرمىسى نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن پارتلىتىلدى.

1995 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل تاغنىڭ ئۈستىدە شەرقى تۈركىستاننىڭ جۇمھۇرىيەت بايرىقى ـ ئاي يولتۇزلۇق كۆك بايراق لەپىلدىدى.

1995 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى
خوتەن شەھەر ئىچىدىكى بەيتۇللاھ مىچىتىنىڭ ئىمام خەتىبى ئابدۇقەيۇم ئابدۇمىجىت ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ ئورنىغا مەتقۇربان داموللا ھاجىم بەلگىلەندى ۋە شۇ كۈنى ئىمام كەلىمەي جۇمە نامىزى كىچىككىشكە باشلىدى. ئىمامنى ھۆكۈمەت تۇتۇپ كىتىپتۇ دەپ ئاڭلىغان خەلق قوزغۇلۇپ، ۋىلايەتلىك ۋالى مەھكىمىسى ۋە ساقچى ئىدارىسى بىنالىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ ، دىنى ئەركىنلىگنى تەلەپ قىلدى. بۇ جەرياندا 2 سائەتكە قەدەر ساقچىلار بىلەن ئېلىشتى. ئەتراپنى قۇراللىق قورشىۋالغان خىتاي ئەسكەر، ساقچىلىرى بومبا ئېتىپ ئوق چىقىرىپ تۇتقۇن قىلدى . شۇ كۈنى ھەر تەرەپتىن بولۇپ جەمى 3000 دىن ئارتۇق موسۇلمان ياش قولغا ئېلىندى. تۈرمىلەردە ئېغىر بىسىم ۋە ھاقارەتلەر بىلەن سوراق قىلىندى.

1995 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى
غۇلجىدا كېڭىيىپ ئومۇملىشىۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەشرەپ ئويۇنلىرىدىن چۆچىگەن خىتايلار ئاممىۋى فوتبول مۇسابىقىسىگە رۇخسەت بەرمەي ، نارازىلىق بىلدۈرگەنلەرنى تۇتقۇن قىلىش باھانىسىدا مەشرەپ باشچىلىرى ۋە

قاتناشچىلىرى بولۇپ بىرنەچچە مىڭ مۇسۇلمان ياشنى قولغا ئېلىپ خەلقنىڭ غەزىۋىنى تاشۇردى.

1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

خىتاي ھۆكۈمرانلىرى قەشقەر شەھرىدە ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىپ ، سىياسى قارىشى ئوخشىمىغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى . ناھەقچىلىككە چىدىمىغان خەلق سوت يىغىنىدا قوزغىلىپ نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى. خىتاي ئەسكەر ، ساقچىلىرى بىرنەچچە كۈنگە قەدەر كىچىلەپ ئۆي ئاختۇرۇپ ، ئادەم تۇتۇپ، بىر قانچە مىڭ ياشنى قولغا ئېلىپ خەلقنىڭ غەزىۋىنى ئۆرلەتتى.

1996 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

مۇجاھىد مۇھەممەت ئوبۇلقاسىم شۇ كۈنى ئۈرۈمچى ئىسلام ئىنىستىتوتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى مەھەممەت مۇسلىم بىلەن بىللە بىر پارتلىتىش دورىسىنى ئۈرۈمچىدىكى ھەربى رايون ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەش مەركىزىنىڭ بىناسى ئالدىدىكى كىچىك ماشىنىنىڭ ئىچىگە قويۇپ پارتلىتىۋەتتى. ئىلگىرى بىر نەچچە قىتىم خىتاي مەمۇرلىرىنى جازالىغان مۇھەممەت ئوبۇلقاسىم قولغا چۈشۈپ قىلىپ 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شېھىت قىلىندى.

1996 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى 3 ـ دېۋىزىيە 6 ـ پولكىنى زىيارەت قىلىۋاتقان قوماندان جاڭ بىلەن رەئىس ئابلەت ئابدىرىشىتنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان بىر گۇرۇپپا چوڭ ئۆستەڭ كۆرىكىگە مۇددەتلىك پارتلايدىغان بومبا ئورۇنلاشتۇردى. يېرىم سائەت بالدۇر پارتلىغان كۆۋرۈكتە بىر خىتاي ئۆلدى.

1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ناھىيىسىدىكى ھۆكۈمەت پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

« يېزا كۈنلۈك باستۇرۇش پىلانى » تۈزگەن خىتاي دىكتاتورا ئورگانلىرى شەرقى تۈركىستاندا ئەتكەسچى، خىروئىنچى، بۆلگۈنچى، فانتۈركىست، فانئىسلامىست دېگەندەك قارىلاشلار بىلەن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشلىرىنى قولغا ئالدى. پەقەت قارىقاش ناھىيىسىدىلا بىر ئاي ئىچىدە 114 نەپەر بىگۇنا ياش قولغا ئېلىندى . بۇ تۇتقۇن داۋام قىلماقتا.

1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسىدىكى بازار ئىچىدە تاملارغا « خىتايلار شەرقى تۈركىستاندىن چىقىپ كەتسۇن ! » ، « يوقالسۇن كوممۇنىست دىكتاتورىسى ! » ، « ياشىسۇن چېچەنىستان ئىنقىلاۋى ! » اقتارلىق شۇئارلارنى چاپلاۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرى ، ئۆزلىرىنى تۇتقىلى كەلگەن ئىككى ساقچىنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ قويۇپ قېچىپ كەتتى.

1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

ئۈرۈمچى جەنوبى ئازاتلىق يولىدىكى يىمەك - ئىچمەك شىركىتى ئۇدۇلىدىكى كوچىدا بىر ئۆيگە يوشۇرۇنغان قوراللىق ئۇيغۇر ياشلار بىلەن خىتاي ساقچىلىرى ئوتتۇرىسىدا چىققان شىددەتلىك ئېتىشىش نەتىجىسىدە 2 خىتاي ئەسكىرى ئۆلدى، 2 قىساسچى ياش شېھىد بولدى. كوچىدىكى بىر ئۇيغۇر ئايال يارىلاندى. ياشلارنىڭ ئابدۇرېھىم ئىسمىلىك يېتەكچىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خىمىيە سانائەت زاۋۇدى ئائىلىلىكلەر بىناسىدا قورشاپ قولغا ئېلىندى.

1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

قەشقەر كىرەمباغ بازىرىدىكى بىر قاسساپ ھۆكۈمەت بازار باشقۇرۇش ئەمەلدارلىرىنىڭ پارىخورلۇق بىلەن بوزەك قىلىشىغا چىدىماي، پارا بېرىشكە زورلىغان بىر خىتاي مەمۇرىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرىۋەتتى.

1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

سەھەردە قەشقەر ھېيتگاھ جامىسىغا ماڭغان ئىمام ھارۇنخان ھاجى ۋە ئوغلى مەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن پىچاقلىنىپ بۇ ۋەقە ، خىتاي غالچىلىرىدىن ئۈچ ئېلىش ۋەقەسى ھىساپلىنىپ نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلار گۇمان بىلەن قولغا ئېلىندى. كىچىگىدىن ئىسلام تەربىيىسى ئالغان ، مارالبىشى ئاۋات بازىرىدىكى نۇرمەمەت چوڭقۇرلاپ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كىلىپ، 18 يېشىدا سەيپۇللا ۋە ئابدۇللالار بىلەن تونۇشتى. بۇلار 4 - ئايدا تەشكىلاتىدىن ۋەزىپە تاپشۇرىۋېلىپ قەشقەرگە بېرىپ ، 12 - ماي كۈنى دىنى مۇناپىق ھارۇنخاننى جازالىدى. 27 - ماي كۈنى يېكىسار - يېڭىشەھەر ئارىلىقىدا ئارال يېزىسىدا خىتاي ساقچىلىرى بىلەن ئېلىشىپ، بىر نەچچە ساقچىنى ئىتىپ تاشلاپ ئۆلتۈرگەندىن كىيىن، نەچچە يۈز خىتاي ئەسكەر ، ساقچىلىرىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قىلىپ، نۇرمەمەت شېھىت بولدى. سەيپۇللا تۇتۇلۇپ قالدى.

1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى

بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى تەكلىماكان چۆللىگىگە چىكىنگەن قۇراللىق تەشكىلاتتىكى ئۇيغۇر ياشلارنى تۇتۇش ئۈچۈن 4 تىك ئۇچار ئايروپىلان، 5 ئاپتوموبىل، 30 تۆگە بىلەن تەكلىماكانغا كىرگەن 40 نەچچە نەپەر خىتاي ئەسكىرى شۇ كۈنى 5 ئەسكىرىنىڭ ئۆلۈگىنى كۆتىرىپ چىكىنىپ چىقتى.

1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

ئاقسۇنىڭ كۇچار، توقسۇ، كەلپىن قاتارلىق ناھىيىلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر قانچە گۇرۇپپا قىساسچى ياشلار ئەترەتلىرى ئىغىر ۋە زامانىۋى قۇراللار بىلەن قۇراللىنىپ، خىتاي ئەسكەرلىرىگە قارشى ئوت ئاچتى ۋە ئىككى كۈن داۋام قىلغان ئۇرۇشتا يۈزلەرچە ئەسكىرى ئۆلگەن خىتايلار غالجىرلىشىپ زەمبىرەك بىلەن توپقا تۇتۇپ، ئىككى نەپەر مۇجاھىدنى شېھىد قىلدى. ئالتە نەپەر مۇجاھىد قەھرىمانلارچە سوقۇشۇپ قۇربان بولدى. بىر قانچىسى يارىدار بولۇپ دۈشمەن قولىغا چۈشتى. قالغانلىرى چېكىنىپ كەتتى.

1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

ئۈرۈمچى دۆڭ كۆۋرۈك ئەتراپىدا 7 ياشلىق ئۇيغۇر بالىسىنى ماشىنىسىدا دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قاچماقچى بولغان خىتاي شوفىر ۋە ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قاچماقچى بولغان ساقچىلار بىلەن ئۇيغۇر ياشلار ئوتتۇرىسىدا چىققان ئۇرۇش 4سائەت داۋاملاشتى ھەربى ھالەتتىن كىيىن توختىدى. خىتاي ساقچىلىرى يەنە 12 نەپەر ئۇيغۇر ياشنى قولغا ئالدى.

1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق تىياتىرى ئارقىسىدىكى دۆلەت مۇداپىئە مېھمانخانىسىدىن چىققان قىساسچى تەشكىلات ئەزالىرى ئىككى چوڭ سومكىغا قاچىلانغان قۇرال ۋە پارتلىتىش دورىلىرى بىلەن تۇتۇلۇپ قالدى.

1996 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جاڭگال ئەسكى يېزا چاچقۇم باشقۇرۇش رايونىدا مەلۇم تەشكىلات ئەزالىرى تەرىپىدىن ئۆززۈندىن بېرى ئاگاھلاندۇرۇلىسمۇ ئۆزىنى بىلمەي خىتاي ھۆكۈمىتىگە سادىقلىق بىلەن غالچىلىق قىلغان ساقچى مەممەت ئەبەيدۇللا، يېزا مۇئاۋىن باشلىقى ئويۇل راخمان، دېكتور تۇرسۇن نىزامەت، سۇ باشقۇرغۇچى نىزامەت ئەممەت ، ساقچى ئىدرىس قۇربانىياز ، ئوقۇغۇچى ياسىن پولات قاتارلىقلار

پىچاقلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. 3 - كۈنى ئادەم ئۆلتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلغان ئىدرىس ئاببباس قورشاۋ ئىچىدە قارشىلىق كۆرسىتىپ شېھىت بولدى. 1997 - يىلى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىسىدە تۇرسۇن قاسىم، مەمەت قۇربان، ئەخەت سەمەت، ئابدۇرازاق قاتارلىقلار خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شېھىت قىلىندى.

1996 - يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

سەھەردە يەكەن ناھىيە ئىگەرچى بازىرىدا 3 خىتاي ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلدى. 3 ئايدىن كېيىن 1997 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى يەنە سەھەردە تۆگىچى يېزا 12-كەنت 1 - يېزىدىكى يالغان دوختۇرخىتاي ۋە ئايالى ئۆلتۈرۈلدى. بەشكەن بازار خىش زاۋۇدىدىكى 70 خىتايىنىمۇ ئۆلتۈرۈش پىلانىنى تۈزگەن مەمەت، يۈسۈپ، ئەنۋەرلەر تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ مەلۇم تەشكىلات ئۈچۈن ئۇزۇندىن بېرى پۇل ، قۇرال توپلاپ ھازىرلىق قىلغانلىقى ئاشكارىلاندى. ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئۈچ ئاي ئىچىدە قارغىلىق ۋە يەكەن ناھىيىلىرىدە تەشكىلاتلارغا پۇل ۋە قۇرال - ئوق توپلاش مەقسىدىدە 40 قېتىمدىن ئارتۇق ۋەقە سادىر بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

## غۇلجىدىكى قانلىق نامايىش

1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غۇلجا شەھرىدە ئىسلامىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قىرغىنچىلىقلارغا قارشى 400 دىن ئارتۇق مۇسۇلمان ياشلار نامايىش قىلدى. خىتاي ئەسكەر ۋە ساقچىلىرى نامايىشچىلارغا ئوق ئېتىپ ، بومبا تاشلاپ نۇرغۇن كىشىنى ئۆلتەردى ۋە يارىدار قىلدى . غەزەپلەنگەن خەلق نامايىشقا قوشۇلۇپ پۈتۈن غۇلجىدىكى ئۇيغۇر ياشلار قوزغىلىپ خىتايلارنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى ئاتلاندى. شەھەر خەلقىنى كونترول قىلالمىغان خىتايلار مەركىزى بېيجىڭنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا نەچچە دىۋىزىيە ئەسكىرىنى يۆتكەپ كېلىپ غۇلجا شەھرىدە تارىختا كۆرۈلمىگەن دەھشەتلىك

قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. ئۇرۇشتا ئۆلگەن يۈزدىن ئارتۇق خىتاي ئەسكىرىنىڭ ئۆچىنى ئالغان خىتايلار 300 گە يېقىن ئۇيغۇر ياشنى سۇ چېچىپ توڭلۇتۇپ، ئوق ئېتىپ، ئىتقا تالىتىپ ۋە سوراقتا ئۇرۇپ قىيناپ ئۆلتۈرىۋەتتى. 3000 دىن ئارتۇق ياشنى قولغا ئالدى. نەچچە ئاي ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ بىگۇنا خەلقنى ئۇردى، قىينىدى ، سوراق قىلدى ، ئۆيلەرنى ئاختۇردى، ياشلارنى تۇتۇپ كەتتى. ھازىرغىچە تۇتۇپ كېتىپ ئىزدېرىكى بولمىغانلارنىڭ سانى 1600 گەيەتتى. بۇگۈنگە قەدەر بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قولغا ئېلىنغان شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ سانى 65 مىڭغا يەتتى. ھازىرغىچە ھەرئايدا بىرقېتىم دىگۇدەك ئوچۇق سوت ئېچىلىپ ئۇيغۇر ياشلىرى 20 - 30 كىشىلىك گۇرۇپپا ھالىدا ئۆلۈمگە ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك تۈرمىلەرگە ھۆكۈم قىلىنىپ ئىجرا قىلىنماقتا.

# 9 - باپ خەلقارادىكى ۋەتەن داۋاسى

شەرقى تۈركىستان خەلقى دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بىر ئەسىردىن بىرى خەلقارادا پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا. 1870 - يىللاردا ياقۇپ بەگ بەدۆلەت قۇرغان شەرقى تۈركىستان دۆلىتى تۈركىيە، روسىيە ، ئەنگلىيە، ھىندىستانلارغا ئەلچى ئېۋەتتى. ئۇ دۆلەتلەر شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە ئەسكىرى دىپلوماتىيەلەردە بولدى. 1933 - يىلى قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە، ئىلگىرى ۋە كېيىن بولۇپ، ساۋۇت داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، مەمتىلى تەۋپىق قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر ئەرەبىستان، تۈركىيە، مىسىر، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ھەج، زىيارەت مۇناسىۋىتى بىلەن تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئاكا - ئۇكا ھۈسەن بايلار گېرمانىيە، روسىيە، ئەنگلىيەلەر بىلەن سودا مۇناسىۋىتى قىلدى. بۇ چاغدا شەرقى تۈركىستاندىن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار تۈركىيە،